ئەلىشىر ناۋايى

# مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين

## (ئىككى تىل مۇنازىرىسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئەلىشىر ناۋايى
مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 7—105—00527—0/H · 27
民文 （维 2 ） 定价：0.70 元

TURAN KİTAPLIĞI
www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر ناۋايى

# مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين

## (ئىككى تىل مۇنازىرىسى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت تۆمۈر
ئابدۇرۇپ پولات

ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» رىسالىسىنىڭ بۇ نەشرىنى تەييارلاشتا ئەسەرنىڭ 1315 ـ ھىجرىيىدە تۈركىيىدىكى "ئەقدام كىتابخانىسى" نەشر قىلغان نۇسخىسىدا بېرىلگەن مەتنىنى ئاساس قىلدۇق. ئەسەرنىڭ بۇ نەشرى مەتنىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەلەپپۇزلۇق يېزىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئىشلەشتە ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق. ئەسەردە ئۇچرايدىغان خاس ئىسىملارغا ۋە بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرگە ھاشىيىدە ئىزاھات بەردۇق. مەتندىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان ياكى باشقىچە ئىپىتىلىدىغان سۆزلەر ئۈچۈن ئايرىم لۇغەت بەردۇق. مەتندىكى ھىند تىلى توغرۇلۇق يېزىلغان بىرنەچچە جۈملىنى يەشمىدە بەرمەسلىكنى لازىم تاپتۇق.

ئەسەردىكى پارسچە شېئىرلارنى ئىزاھلاشتا يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ زور ياردىمىگە ئىگە بولدۇق. شۇڭا بۇ يەردە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. ئىش جەريانىدا مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئىسھاق رەفەت ئىشتىمان تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، 1941 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىدىن ھەم ئۆتكۈر ئەپەندىم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان

قىلغان پارچىلىرىدىن پايدىلاندۇق. بۇ يەردە بۇ ئاپتورلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، ئىشىمىزنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش ۋە تەنقىدلىرىنى سەممىي قارشى ئالىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........................ 1
كىرىش سۆز ........................................ 1
ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى ......... 1
مەتىننىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە تەلەپپۇزلۇق
يېزىلىشى ........................................ 55
لۇغەت ........................................ 104

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مىلادى 1499 ـ يىلى يېزىلغان «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە) ناملىق رىسالىسى شۇ دەۋردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىل (چاغاتاي تىلى)نىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداش مەقسىتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ناۋايى ئۆز ئەسىرىدە ”تۈرك تىلى“ دەپ ئاتىغان ئەدەبىي تىل شۇ دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئورتاق قوللانغان يازما ئەدەبىي تىل بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە ”خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى“ ياكى ”كاشغەر تىلى“ دەپ ئاتىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ 14 ـ ئەسىردىن كېيىنكى داۋامى ئىدى. بۇ ئەدەبىي تىل چاغاتاي ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئورناتقان ”چاغاتاي خانلىقى“ قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ”چاغاتاي تىلى“ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئەدەبىي تىلنى ئاساسەن ”چاغاتاي تىلى“ دېگەن

مۇشۇ نامى بىلەن ئاتايدۇ، چۈنكى بۇ ئاتالغۇ بۇ ئەدەبىي تىلنى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بىرقەدەر ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەدەبىي تىلدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتمۇ "چاغاتاي ئەدەبىياتى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ناۋايى بۇ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چاغاتاي تىلىدا ئۇقۇمنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقىنى، تۈيۈق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي ماھارەت ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇنلىغان مىساللار بىلەن ئىسپاتلايدۇ؛ چاغاتاي تىلى مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغقىچە بىركىم تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەۋزەللىكلەر يوشۇرۇن ھالەتتە قالغانلىقىنى، تۈركىي تىللىق شائىرلار، بولۇپمۇ ياش شائىرلار ياخشى مۇلاھىزە قىلماي پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى زور ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چاغاتاي تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىنى

www.uyghurkitap.com

ئىگىلىگەن ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ئاخىردا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ناۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەسەر يېزىلغان دەۋر شارائىتى، ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى رولى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلساق، ناۋايىنىڭ چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا ناۋايىنىڭ يۈكسەك مىللىي غۇرۇرىدىن، ئۆز ئانا تىلىغا بولغان قايناق مۇھەببىتىدىن، ئۆز ئانا تىلىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئابروينى ئۆستۈرۈش يولىدىكى قەيسەرلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىمىز.

خۇددى ناۋايى مۇشۇ رىسالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ناۋايى دەۋرىدە شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىش تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە تەبىئىي بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى، بۇ ئەھۋال ناۋايى ياشىغان ھەم تۈركىي تىللىق شائىرلار ئەڭ كۆپ توپلانغان مەدەنىيەت مەركىزى ھىراتتا بولۇپمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارس تىلىنى ئۆز ئانا تىلىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى، شېئىرنى پەقەت شۇ تىل بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ، دەپ بىلەتتى، ئۆز ئانا تىلىنى بولسا، شېئىر يازغىلى بولمايدىغان تىل دەپ قارايتتى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان، ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازمەن دېسىمۇ يازالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە مۇنداق غەيرىي نورمال ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى تاسادىپىي بىر ئىش بولماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە مائارىپ

ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلام مائارىپى ئىزىغا چۈشۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ زىيالىلار ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ كۈنساناپ كۈچىيىپ بېرىشى، بەزى تۈركىي خانلىقلارنىڭ، مەسىلەن، ئىراندا قۇرۇلغان سەلچۇقلار سۇلالىسىنىڭ پارس تىلىنى دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىشى، بۇ رايونلاردىكى پارسىي مەدەنىيەتكە تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى، شۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن فىردەۋسى، سەلمان، نىزامى، سەئدى، ئەنۋەرى، خۇسراۋ دېھلەۋى، ھافىز شىرازى، كاتىبى، جامى قاتارلىق كاتتا شائىرلار ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسىي ئەدەبىياتنىڭ تۈركىي تىللىق زىيالىيلار، بولۇپمۇ شائىرلار ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە تۈركىي ئەدەبىي تىل ۋە تۈركىي ئەدەبىيات بويىچە تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاپ بېرىشى، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋارىسلىق قىلغان ئەنئەنىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانلىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەرچە ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلار قەدىمكى تۈركىي ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىل ئاساسىدا ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىي شەكلىنى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى ناۋايى ئېيتقاندەك، بۇ تۈركىيگوي① شائىرلارنىڭ لۇتفىدىن باشقىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارسىي ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. شۇڭا

① تۈركىيگوي — ئەسەرنى تۈركىي تىل بىلەن يازغۇچى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ھە دەپ كۆچىيىۋاتقان پارسىيگويلۇق① ئېقىمىغا چوڭ ئەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئەگەر ئىش شۇ يوسۇندا داۋاملاشسا، شانلىق ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىغان چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىدىن مەھرۇم بولۇشى، شەكىللىنىشكە باشلىغان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ نابۇت بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

چاغاتاي تىلى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى دۇچ كەلگەن بۇ ئېغىر خەۋپنى ئەلىشىر ناۋايى ھەممىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى. خۇددى ئۇنىڭ "شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن-دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن" دېگىنىدەك، ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ بۇ تەقدىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىغا يول قويمىدى. ناۋايى چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ناۋايىنىڭ قارىشىچە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن چاغاتاي تىلىدا ھەممە جەھەتتىن يۇقىرىدىكى پارسىي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان شېئىرىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، چاغاتاي تىلىنىڭ ھەرقانداق چوڭقۇر مەزمۇن ۋە نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلىشكە، ھەرقانداق بەدىئىي ماھارەتلەرنى كۆرسىتىشكە ۋە ھەرقانداق يېرىك شېئىرىي ئەسەر-لەرنى يارىتىشقا يارايدىغان مۇكەممەل بىر ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى

---

① پارسىيگويلۇق — ئەسەرنى پارس تىلى بىلەن يېزىش.

ئەمەلدە كۆرسىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سىڭىشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئەۋزەللىكلەرنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك ئىدى. ناۋايى شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى، بۇ ئىنتايىن مۇشكۈل بىر ۋەزىپە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئەنئەنىلىرىنى ۋە خەلق تىلىنى پۇختا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ بايلىقىنى، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەت ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق ئېچىش ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە جاپالىق ئەمگەك قىلىش زۆرۈر ئىدى. لېكىن ناۋايى ئۆزىنىڭ يۈكسەك مىللىي غۇرۇرىغا، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىگە تايىنىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ناۋايى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا توپلانغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نەزمىي ئىپادىسىنى تاپقان ئەنئەنىلىرى ۋە خەلق تىلى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدەندى ھەم ئىزدەنگەنسېرى تېخىمۇ غۇرۇرلىنىپ، ئۆز ئىرادىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ناۋايى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازىدۇ: "ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى، مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىنەت ئاسمىنىنى كۆردۈم،

www.uyghurkitap.com

دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەندى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ ئىپلانلىرى دەھشەتلىك، گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ ئىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىلەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچى-لىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى، مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ، بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى، دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى، كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى“.

شۇنداق قىلىپ، ئەلىشىر ناۋايى چاغاتاي تىلىنىڭ مول لېكسى-كىلىق بايلىقىنى، فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ماھارەت ئىمكانىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، بۇ تىل بىلەن شۇ دەۋرنىڭ شاھ ئەسەرلىرى بولغان «خەزائىنۇل-مەئانى» (چاردىۋان)، «خەمسە» قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى ھەم «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق بۇ تىلشۇناسلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

ناۋائىينىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە چەكسىز ئىپتىخار بېغىشلاپ، يالغۇز پارسىيگويىلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەرق، پۈتۈن دۇنيانى قايىل قىلغان بۇ ئەسەرلىرى چاغاتاي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن بەلكى بۇ تىل بىلەن بۇ ئەدەبىياتنى يۈكسەك بىر پەللىگە چىقىرىپ، پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناۋائىي ئەسەرلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرىسە، مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكىگە ئايلىنىپ، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان شائىرلار ئەۋلادمۇئەۋلاد ناۋائىي ئىزىدىن مېڭىپ، چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنى تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشتۇردى. غەربىي تۈركىي تىل ۋە شىمالىي تۈركىي تىلنى ئەدەبىي تىل قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر، شۇنىڭدەك شەرقتىكى باشقا خەلق زىيالىيلىرىمۇ ناۋائىي ۋەكىللىكىدىكى بۇ تىل بىلەن بۇ ئەدەبىياتنى سۆيۈپ ئۆگەندى ۋە مۇشۇ ئېھتىياج ئۈچۈن چاغاتاي تىلىغا، بولۇپمۇ ناۋائىي ئەسەرلىرىگە بېغىشلانغان نۇرغۇن لۇغەت ۋە گىرامماتىكا قوللانمىلىرى بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈزۈلگەن «بەدايىئۇل لۇغەت» ناملىق چاغاتايچە-پارسچە لۇغەت، 16-ئەسىردە تۈزۈلۈپ، كېيىن «ئابۇشقا» دەپ ئاتالغان چاغاتايچە-ئوسمانلىچە لۇغەت ۋە باشقىلار.

ناۋائىي قوغدىغان ۋە يۈكسەلدۈرگەن چاغاتاي تىلى نۇرغۇن

جەھەتلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئاساس بولۇپ ئۇنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن زىچ باغلاپ تۇرماقتا؛ بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ناۋايىدىن كېيىنكى ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناۋايىنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى- غىچە ئېلىپ كەلدى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىد، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ شائىرلارنىڭ ناۋايى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىپ يېتىلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ؛ بىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكا بايلىقىمىز بولغان ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ناۋايى غەزەللىرى بىلەن ياڭراپ كەلدى. مانا بۇلارنى ئويلىساق، ناۋايى تۆھپىسىنىڭ بىز ئۈچۈن تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ناۋايىنىڭ بۇ رىسالىسى بىزگە چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن- لىكى بىلەنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ناۋايىنىڭ بۇ ئەسەردە چاغاتاي تىلىدىكى قاپىيە ئىمكانىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، چاغاتاي يېزىقىدىكى "ۋاۋ" (و) ھەرپىنىڭ "ئوت" (كۆيىدىغان ئوت)، "ئۆت" ("ئۆتمەك" پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى)، "ئۇت" ("ئۇتماق" پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى)، "ئۈت"("ئۈتلىمەك" پېئىلىنىڭ يىلتىزى) سۆزلىرىنىڭ تەركىبىدە كەلگىنىدەك تۆت خىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى چاغاتاي

تىلىدىمۇ خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاشلا تۆت خىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىنتايىن ئېنىق ھەم بىردىنبىر پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ناۋايى ئۆز رىسالىسىدە چاغاتاي تىلىنى پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككى تىلنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئەمەس، بەلكى چاغاتاي تىلىنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان نۇقتىلىرىنىلا نەزەردە تۇتىدۇ. مۇنداق قىلىش ئانچە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ رىسالە پارس تىلى تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل دەپ تونۇلۇپ كەتكەن شارائىتتا شۇ خىل تونۇشقا رەددىيە بېرىش نۇقتىسىدىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن ناۋايى كۆرسەتكەن شۇ نۇقتىلارغا ئاساسلىنىپ تۈركىي تىل پارس تىلىدىن ئەۋزەل دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇلسا، پارس تىلىنىڭ تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل جايلىرىمۇ تېپىلىدۇ. خالىس مەيداندا تۇرۇپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلى بىر-بىرىدىن قالىدىغان تىللار ئەمەس. ناۋايىنىڭ تۆھپىسى دەل تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، پارس تىلى تۈركىي تىلدىن ئەۋزەل دېگەن تونۇشقا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەنلىكىدە.

ناۋايىنىڭ بۇ رىسالىسىگە ھازىرقى كۆز بىلەن نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ دەۋر چەكلىمىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى نۇقسان، ھەتتا خاتا كۆز قاراشلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرىمىز. مەسىلەن، ئەسەردە تىللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان دىنىي رىۋايەتلەر بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ. تىللارغا

www.uyghurkitap.com

دەرىجە بىرىلىپ، ئەرەب تىلى مۇقەددەس تىلغا، پارس تىلى بىلەن تۈركىي تىل ئادەتتىكى تىلغا، ھىند تىلى بولسا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تىلغا ئايرىتىلىدۇ ۋە ھىند تىلغا قارىتا بىرمۇنچە كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش خاراكتېرىدىكى باھالار بېرىلىدۇ. ئەسەرنى ئوقۇغاندا مۇنداق نۇقتىلارغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

خەمىت تۆمۈر

ئابدۇرۇۋ پولات

1988 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىنسانىنى ھەممە مەخلۇقاتتىن تىل شەرىپى بىلەن ئۈستۈن ۋە سۆزلىشىش لەززىتى بىلەن يۈكسەك قىلغان ئاللاتائالاغا سانسىز تەشەككۈر ۋە تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بولسۇن.

رۇبائىي

ئەي سۆز بىلەن قىلغان ئافەرىنىش ئاغاز،
ئىنسانىنى ئارادا ئەيلەگەن مەھرەمى راز.
چۈن كۇنفەيەكۇن سەفھەسىغە بولدى تىراز،
قىلغان ئانى نۇتقىلە بارىدىن مۇمتاز①.

سۇبھانى ئاللا، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ قۇدرەت: ئۇ ئىنسانغا ”ئادەمنىڭ لېيىنى قىرىق سەھەر ئۆز قولۇم بىلەن يۇغۇردۇم“ سۆزىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ”ھەممە سۆزنى ئۆگىنىۋېلىش“ قابىلىيىتىنى بەردى ۋە ئۇنى ”سۆزلىگۈچى“ نامىغا ئىگە قىلدى. ئىنسان بۇ

---

① ئەي تىلى بىلەن يارىلىشقا باشلىغان ئىنسانىنى بىر-بىرىگە سىرداش قىلغان خۇدا، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن يارالمىشىنىڭ زىننىتى بولدىكى، سەن ئۇنى نۇتقى بىلەن ھەممىسىدىن سەرخىل قىلدىڭ.

ئۇتۇق شاراپىتىدىن ھەممە مەخلۇقاتتىن ئۈستۈن تۇردى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممىدىن ئىمتىيازلىق بولدى.

رۇبائىي

يەئنىكى چۇ ئالەمنى ياراتتى مەئبۇد،
ئالەم ئىلىگە قۇدرەت ئىلە بىردى ۋۇجۇد.
ئىنسان ئىدى مەقسۇد بولدى مەۋجۇد،
ئىنساندىن ھەم ھەبىبى ئىردى مەقسۇد①.

شۇنداق بىر سۆزلىگۈچى بولغانكى، ئەرەب خۇش تىللىرى② يېتىكلىك ساداسىنى دۇنيا گۈلشەنىدىن ئاشۇرغاندا، ئۇنىڭ بۇلبۇلۋار تىلى "مەن ھەممىڭلاردىن خۇش تىل" دېگەن كۈينى ياڭرىتىپ ئۇلارنى تىلدىن قالدۇرۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭىنى باستى.

رۇبائىي

ئول ۋەقتكى نى ئالەم ئىدى نى ئادەم،
قىلمايدۇر ئىدى بۇلارنى سۇنئ ئىلكى رەقەم.
چۈن ئول ئۆزىنىڭ خىلقەتىدىن ئۇردى دەم،
مەنتۇقى ئىدى "كۇنتۇ نە بىييەن" فەفهەم③.

---

① خۇدا بۇ ئالەمنى ياراتقاندا، ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەممىگە گەۋدە بەردى. كۆزلەنگىنى ئىنسان ئىدى، ئۇ پەيدا بولدى. ئىنساندىن ھەم پەيغەمبىرى كۆتۈلگەن ئىدى.

② بۇ يەردىكى "خۇش تىل" ئاتالغۇسى "سۆز ئۇستىسى" دېگەن مەنىدە ئەرەب تىلىدىكى "فۇسەھا" سۆزىگە تەڭكەش قىلىندى.

③ ئۇ چاغدا ئالەممۇ، ئادەممۇ يوقىدى، قۇدرەت قولى ئۇلارنى تېخى بارلىققا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارالغانلىقىنى جاكالاپ "مەن پەيغەمبەرمەن" دېدى، بۇنى چۈشەن.

ئاللا ئۇ ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، پاكلارنىڭ دوستىغا بەخت ئاتا قىلـ
سۇن، ئۇنى ئامان ـ ئېسەن قىلسۇن، ئۇنىڭغا چەكسىز سالام ۋە ئېھتىرام.

سۆز ئەھلى ئورمىنىنىڭ باش تەرگۈچىسى، سۆز ئۈنچىلىرى خەزىنىسىنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىسى، نەزم گۈلىستانىنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇلى يەنى ناۋايى تەخەللۇسلۇق ئەلشىر (خۇدا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرسۇن ۋە يېتىشسىزلىكلىرىنى تولۇقلىسۇن) مۇنداق دەيدۇ:

سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل پۈتۈن مەنىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاسىتىسى بىلەن چىقىپ ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاسىتىسى بىلەن ئېرىشىپ ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ. گۆھەرنىڭ قىممىتى دەرىجىسى بەك كۆپتۇر، ھەتتا بىر تەڭگىدىن يۈز تۈمەن تەڭگىگىچە دېيىشمۇ بولىدۇ.

قىتئە

ئىنجۇنى ئالسەلەر مۇفەررىھ ئۈچۈن،\
مىڭ بولۇر بىر دىرەمگە بىر مىسقال.\
بىر بولۇر ھەمكى شەھ قۇلاققا سالۇر،\
قىيمەتى مۈلك ئەبرەسى ئەمۋال①.

---

① ئۈنچىنى دورىلىق ئۈچۈن ئالسا، مىسقىلى بىر دىرەمدىن مىڭلاپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى شاھ قۇلاققا ئاسسا بىرلا بولىدۇكى، ئۇنىڭ قىممىتى مەملىكەت مۈلكى بىلەن باراۋەر بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

سۆز ئۈنچىلىرىنىڭ دەرىجە پەرقى بۇنىڭدىنمۇ زور بولىدۇ. بۇ پەرق شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ياخشىلىرىنىڭ شاراپىتىدىن ئۆلۈك تەنگە جان كىرىدۇ، يامانلىرىنىڭ كاساپىتىدىن تىرىك تەنگە ھالاكەت زەھىرى يېتىدۇ.

قىتئە

سۆز گەۋھەرىدۇركى، رۇتبەسىنىڭ
شەرھىدەدۇر ئەھلى نۇتق ئاجىز.
ئاندىنكى ئېرۇر خەسىس مۇھلىك،
كۆرگۈزگىچەدۇر مەسىھى مۆئجىز①.

سۆزنىڭ تۈرلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. مۇبالىغە قىلماي، قىسقىچە بايان قىلغاندىمۇ يەتمىش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ ۋە ھەر قىسمى يەتمىش ئىككى پىرقىنىڭ تىلىدىن دالالەت بېرىدۇ. پەقەت شۇنىلا ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، دۇنيانىڭ يەتتە ئىقلىمىنىڭ ھەر ئىقلىمىدا قانچىلىغان مەملىكەتلەر بار ۋە ھەر مەملىكەتتە قانچىلىغان شەھەرلەر، شەھەرچىلەر، كەنتلەر بار ۋە ھەر دالىدا قانچىلىغان سەھرالىق خەلقلەر، ھەر تاغدا قانچىلىغان قەبىلىلەر بار. ھەر جامائەتنىڭ تىلى ئۆزگىلەرنىڭ-كىدىن، ھەر گۇرۇھنىڭ گېپى باشقىلارنىڭكىدىن باشقىچە بولىدۇ ۋە ھەربىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئۆزگىلەردىن پەرقلىنىدۇ، خۇددى ئۇچار قۇشلارنىڭ، ھايۋاناتلارنىڭ ۋە

① سۆز گۆھەرلىرىنىڭ دەرىجە پەرقىنى شەرھلەشكە نۇتۇق ئىگىلىرى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ يامىنىدىن ھالاكەت كەلسە، ياخشىسى ئەيسا مۆجىزىسىنى كۆرسىتىدۇ (ئۆلۈككە جان كىرگۈزىدۇ).

يىرتقۇچلارنىڭ ھەر خىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋارقىراش، ئۈندەش، سايراشلىرى بولغىنىغا ئوخشاش.

بىراق، تىلدىن كۈتۈلگىنى مەندۇر. شۇڭا مەخلۇقات ئىچىدە مەنىلەر مەنبەسى بولغان ئىنسان كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆز ئۇنىڭ سۆزى ئۈستىدە، گەپ ئۇنىڭ گېپى توغرۇلۇق بولىدۇ.

ئەمدى سۆز بايانىغا ۋە گەپ داستانىغا كېلەيلى: يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىلمۇخىل شەھەر، يېزا، تاغ، سەھرا، ئورمان ۋە ئاراللاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى مەنىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ، تىل ئارقىلىق پىكىرلىشىدۇ. ئەرەب تىلى گۈزەللىك ۋە يېتىكلىك جەھەتتە ھەممە تىللاردىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدا سۆز ئەھلىدىن ھېچقايسىسىنىڭ داۋاسى يوق، ھەممىسى بۇنى توغرا دەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ، چۈنكى ئاللانىڭ كالامى بۇ تىل بىلەن نازىل بولغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىمۇ بۇ تىل بىلەن سۆزلەنگەن. كاتتا ئەۋلىيالار ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك ماشايىخلار ئىلگىرى سۈرگەن ھەقىقەت، تەلىماتلار ۋە قىممەتلىك چۈشەنچىلەرمۇ شۇ قۇتلۇق سۆز، شۇ مۇبارەك تىل بىلەن مەيدانغا كەلگەن. ئاللا، ئاللا، ئۇ ھاياتبەخش باغدا شۇنداق گۈزەللىكلەر، ئۇ ئارامبەخش گۈلشەندە شۇنداق نازاكەتلەر باركى، ئۇنىڭ باغۋەنى "گىيالارنى، زىرائەتلەرنى ئۆستۈرمەك ۋە قات-قات جەننەتلەر بىنا قىلماق ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن ئۇلۇغ سۇلارنى چۈشۈردۇق" دېگەن ئايەت بىلەن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇلى نەبىلىك بايانى ۋە پەيغەمبەرلىك نەغمىسىنى ياڭرىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قۇشلارنىڭ بەزىلىرى "يوپۇقلار ئېچىۋېتىلگەن ھالەتتىمۇ ئىشەنچىم مۇندىن ئاشمايدۇ" دەپ سايرايدۇ، باشقىلىرى يېقىملىق كۈيلىرى بىلەن

توغرىلىق، ھەققانىيەت، يېتىلىش، تولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بېيىت

كى تا بولغاي جەھان باغى بۇ گۈلشەن مېۋىدار ئولسۇن،
ھەرىمىدە بۇ بۇلبۇللارغە بۇ گۈلباڭ بار ئولسۇن①.

بۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان مۇھىم ئۈچ خىل تىل بار. بۇلارنىڭ شاخلىرى ۋە تارماقلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئاساسلىق تىللارنىڭ مەنبەسى مۇشۇ ئۈچ تىل يەنى تۈرك، پارس ۋە ھىندى تىللىرىدۇر. بۇ تىللارنىڭ مەنبەسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرى بولغان يافەس، سام ۋە هاملارغا بېرىپ تاقىلىدۇ، بۇنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان ئاپىتىدىن نىجات تېپىپ قۇرۇقلۇققا چىققاندا، بۇ ئالەمدە ئىنسان جىنسىدىن ئەسەر قالمىغان ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تارىخچىلار تەرىپىدىن ”ئەبۇتتۈرك“ دەپ ئاتالغان يافەسنى خەتا مەملىكىتىگە ئەۋەتتى، ”ئەبۇلفارس“ دەپ ئاتالغان سامنى ئىران ۋە تۇران مەملىكەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا هاكىم قىلدى، ”ئەبۇلھىند“ دەپ ئاتالغان هامنى بولسا، ھىند يۇرتىغا ئەۋەتتى. بۇ ئۈچ پەيغەمبەرزادىنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرى شۇ يەرلەردە ئاينىپ كۆپەيدى، يافەسنىڭ ئوغلى تۈركلەرنىڭ بوۋىسىدۇر. ئۇنى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك تاجى بىلەن ھەممىدىن يۈكسەك بولدى، رىسالەت مەنسۇۋى بىلەن قېرىن-داشلىرىدىن ئۈستۈن تۇردى دەيدۇ. دېمەك تۈرك، پارس ۋە

---

① جاھان بېغى مۇشۇنداق مېۋىلىك گۈلشەن بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن،
ئۇنىڭ قوينىدا بۇلبۇللار مۇشۇنداق سايراۋەرسۇن.

www.uyghurkitap.com

ھىندى تىللىرى يافەسىنىڭ، سامىنىڭ ۋە ھامىنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ نەۋرىلىرى ئارىسىدا مانا شۇ يوسۇندا بۆلۈندى...
بۇ يەردە ئەرەب تىلى بەك يۇقىرى شەرەپ ۋە ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقى، ھىندى تىلى بولسا تولىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك ئارىدىن چىقىرىلىپ، پەقەت تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىلا مۇھاكىمىگە قويۇلىدۇ.

شۇ نەرسە مەلۇمكى، تۈركلەر سارتلارغا① قارىغاندا ئۆتكۈر ۋە ئىدراكلىق، يارىتىلىش جەھەتتىن ساپ خەلقتۇر. سارتلار بولسا، چۈشەنچە، ئىلىم ۋە پىكىر قىلىشتا تۈركلەرگە قارىغاندا مۇپەسسەل ۋە چوڭقۇردۇر. بۇ ھال تۈركلەرنىڭ توغرىلىقى ۋە تۈز كۆڭۈللىكىدىن، سارتلارنىڭ ئىلىم ۋە ھۈنەرلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئەمما تىللىرىدا ئۈستۈنلۈك ۋە ئۆكسۈكلۈك جەھەتتىن پەرق بەك چوڭ. سۆز-ئىبارە يارىتىشتا تۈركلەر سارتلاردىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز تىلىدا مەنىلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان سۆزلەر جەھەتتىن شۇ قەدەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانكى، خۇدا خالىسا، ئۆز مۆرىتىدە بايان قىلىنىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئۈيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ سارتلارنىڭكىدىن ئارتۇقلىقىغا دەلىل-ئىسپات بۇنىڭدىن لايىق بولمايدۇكى، تۈركلەر بىلەن سارتلاردا ياشلارنىڭ، قېرىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، كىچىكلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، گەپلىشىدۇ، يەنە كېلىپ، سارتلاردا بىلىم ۋە زېھىن ئەھلى كۆپرەك، تۈركلەردە بولسا بىلىمسىز ۋە

---

① بۇ ئەسەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر "تۈرك" دەپ، پارسىي تىللىق خەلقلەر "سارت" دەپ ئاتالغان.

سادda كىشىلەر سارتلارغا قارىغاندا كۆپرەك. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي، تۈركلەرنىڭ چوڭىدىن كىچىككىچە، پۇقراسىدىن بېگىچە
دېگۈدەك پارس تىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەممىسى ئۆز
ئەھۋالىغا يارىشا سۆزلىيەلەيدۇ، بەزىلىرى ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ
سۆزلەيدۇ. ھەتتا تۈرك شائىرلىرى پارس تىلىدا گۈزەل شېئىر ۋە
شېرىن ماقالىلەرنىمۇ يازالايدۇ. لېكىن سارت ئۇلۇسىنىڭ ئەڭ تۆۋىن-
دىن ئەڭ يۇقىرىسىغىچە، ئاممىسىدىن دانىشمەنلىگىچە ھېچقايسىسى
تۈركچە سۆزلىيەلمەيدۇ ھەم تۈركچە سۆزنى چۈشىنەلمەيدۇ. يۈزدىن
بەلكى مىڭدىن بىرى تۈركچە ئۆگىنىپ سۆزلىسىمۇ، ئاڭلىغان ئادەم
ئۇنىڭ سارت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ، نەتىجىدە سۆزلىگۈچى ئۆز سۆزى
بىلەن ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك بولىدۇ. تۈركلەرنىڭ سارتلارغا
قارىغاندا ماسلىشىشچان ئىكەنلىكىگە بۇنىڭدىن كۈچلۈك دەلىل
يوقكى، سارتلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.
تۈركىي تىلدا پىكىرنى مۇبالىغە يولى بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن
قوللىنىلىدىغان بىرمۇنچە نازۇك ئۇقۇملۇق سۆزلەر يارىتىلغانكى،
بۇنى شۇ تىلنىڭ ئالىملىرى چۈشەندۈرۈپ بەرمىگىچە، باشقىلار
ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، قورۇقشاماق (قۇرۇشماق)،
ئۆگدەيمەك (ئوڭلانماق)، چېكىرىمەك (ئۇيقۇسىزلانماق)، دوم-
سايماق، ئۇمۇنماق (تەمە قىلماق)، ئوسانماق (بەزمەك)، ئىگىرمەك،
ئىگەرمەك، ئۆخرەنمەك (باتۇر بولۇۋالماق)، تارىقماق (سىقىلماق)،
ئالداماق، ئارغاداماق (ھىيلە بىلەن يەڭمەك)، ئىشەنمەك، ئىگلەنمەك
(يارىلانماق)، ئايلانماق، ئىگرەنمەك (ئىڭرىماق)، ئاۋۇنماق،
قىستاماق (قىستىماق)، قىيناماق (ئەيىبلىمەك)، قوزغالماق، ساۋرۇل-
ماق (سورۇلماق)، چايقالماق، قىزغانماق، نىكەمەك (تەڭلىمەك)،

سىيلانماق (ئىززەتلەنمەك)، تانلاماق (تاللىماق)، قىمىرداماق (قىمىرلىماق)، سىرپىمەك (سەپمەك، چاچماق)، سىرمەمەك (سىرىپ ئالماق، يۇلۇپ ئالماق)، سىرىقماق (سىغماق)، سىغىنماق (پاناھ قىلماق)، قىلماق (قىلماق)، يالىنماق (يېلىنماق، يېلىنجىماق)، مۇڭلانماق، ئىندەمەك (ئۈندىمەك)، تېرگەمەك (تەرگىمەك، سۈرۈش-تۈرمەك)، تېۋرەمەك (سانجىماق، تىكمەك)، قىڭغايماق، سىڭرەمەك (يۇمۇلداپ يىغلىماق)، ياشقاماق (ياشىماق)، ئېسقارماق (خىيال قىلماق)، كۆكرەنمەك (ئۆزىچە غەزەپلىنىپ سۆزلىمەك)، سىپاماق (سىپىماق)، قارالاماق (قارىلىماق)، سۈركەنمەك، كۆيمەنمەك (باھانە قىلماق)، ئىگرانماق (ئىڭرىماق)، تۆشەلمەك (يېيىلماق)، مۇنغايماق (مۇڭلانماق)، كۆرۈكسەمەك (كۆرگۈسى كەلمەك، سېغىنماق)، بۇ شۇرغانماق (ئىچى پۇشماق، ئازابلانماق)، بۇخساماق (نالە قىلماق، بوغۇلماق)، كىركىنمەك (چايقالماق، پۇلاڭلىماق)، بۇسىماق (مۆك-مەك)، بۇرمەك (پۇرمەك)، تۇرمەك، تامشىماق، سىپقارماق (شورىماق، سۈمەرمەك)، چۆركەنمەك (كۆيمەك)، ئۆرتەنمەك، سىزغۇرماق (سىزلاتماق)، چوپرۇتماق (تۈزلىمەك)، جىرغاماق (زوقلانماق)، بىچىماق (پىچماق، كەسمەك)، سىگۈرمەك (سىڭىرمەك)، كۆندەلەت-مەك (ئەگمەك)، كۆمۈرمەك (غاجىماق)، بىكىرمەك (چىڭىماق)، گۆكۈردەمەك (گۈدۈڭلىمەك، تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىمەك)، كېنەرگەمەك (يېيىلماق)، گىزەرمەك (ئۆكمەك)، دوپتولماق (توپلانماق)، چىداماق (چىدىماق)، تۈزمەك، قازغانماق (قازانماق)، قىچىغلاماق (قىچىغلىماق)، كەگىرەمەك (كېكەيمەك)، ياداماق (يادىماق، ئورۇقلىماق)، قاداماق (قادىماق)، چىقانماق (ياناماق، شوخشىماق)، كۆندۈرمەك، سۆندۈرمەك (ئۆچۈرمەك)، سۇقلاتماق (شەيدا قىلماق) — بۇ يۈز

سۆزنىڭ① ھېچقايسىسىغا پارس تىلىدىن لايىق سۆز تېپىلمايدۇ. سارتلار ھەتتا بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇقۇملارنىڭ بەزىلىرىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا بىرنەچچە سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىبارىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭدىمۇ ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. تۈركىي تىلدا بۇ خىلدىكى سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، بىز قارشى پىكىردە بولغۇچىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان يۈز سۆزدىن بىرنەچچىسىنىڭ قانداق ئىشلىنىشىنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتەيلى:

كاتتا شائىرلارنىڭ مەي تەسۋىرىدە مۇبالىغە قىلىشنى بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا مەي ئىچىشنىڭ ئۇسۇلىنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلغان. بۇ سۆزلەرنىڭ بىرى ”سىپقارماق“ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇبالىغىنى تېپىش تەس. تۈركىي شېئىردا مۇنداق بىر باشلانما بېيىت بار:

بېيىت

ساقىيا تۇت بادە كىم بىرلەھزە ئۆزۈمدىن باراي،
شەرت بۇكىم، ھەر نېچە تۇتساڭ لەبا لەب سىپقاراي②.

بۇ ”سىپقاراي“ سۆزى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنى پارسچە شېئىردا

---

① بىز ئاساسلانغان مەتندە توقسان سەككىز سۆز بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى ھازىرچە ئېنىقلاپ چىقالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرگۈزمىدۇق.

② ئەي ساقىي، ماڭا مەي ئۇزات، مەن ئۇنى ئىچىپ بىردەم ئۆز خۇدۇمنى يوقىتاي. شۇنى شەرت قىلىمەنكى، ھەرقانچە تولدۇرۇپ قۇيساڭمۇ بىراقلا سۈمۈرىمەن.

ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، نىمە ئىلاج قىلغىلى بولسۇن. تۈركىي تىلدىكى شۇ خىل سۆزلەرنىڭ يەنە بىرى ”تامشىماق“ بولۇپ، بۇ سۆز مەينى بىراقلا ئىچىۋەتمەي، ئاز ـ ئازدىن ئىچىپ لەززەتلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نازۇك ئۇقۇمنىڭ تۈركىي شېئىردا قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى مۇنۇ باشلانما بېيتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

ساقى چۇ ئىچىپ مەڭا تۇتار قوش،
تامشى ـ تامشى ئانى قىلاي نوش①.

”بۇخساماق“ سۆزى بىر تۈركىي شېئىرنىڭ باشلانما بېيتىدا مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيت

ھىجرئەندۇھىدە بۇخسابمىن بىلە ئالمان نىتەي،
مەي ئىلاجىمدۇر قوپۇپ دەيرىفەناغە ئەزم ئىتەي②

پارسىيگوي تۈرك بەگلەر ۋە بەگزادىلەر ”بۇخساماق“ ئۇقۇمىنى پارس تىلى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولسا، قايسى سۆزنى قوللىنار؟ شېئىرنىڭ ئاساسى ۋە مەركىزى ئىشقتا باغلىنىدۇ. ئاشىقلىقتا يىغلاشتىن تولاراق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھالەت يوق، لېكىن يىغلاش ھەر خىل بولىدۇ. ”يىغلامسىنماق“ سۆزى تۈركىي شېئىردا مانا مۇنداق قوللىنىلغان:

---

① ساقى ئۆزى ئىچىپ، ماڭا قوش قەدەھ تۇتتى. مەن ئۇنى تامشىپ ـ تامشىپ ئىچىمەن.

② جۇدالىق دەردىدە تۇنجۇقۇپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمىدىم، قوپۇپ مەيخانىغا ماڭماقتىن باشقا نېمە ئىلاجىم بولسۇن.

بېيت

زاھىد ئىشقىن دېسەكى قىلغاي فاش،
يىغلامسىنۇرۇ كۆزىگە كېلىمەس ياش①.

”ئىڭراماق“ بىلەن ”سىڭرەمەك“ دەرت بىلەن يوشۇرۇنچە ئاستا يىغلاش مەنىسىدە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق. تۈركچىدە مانا مۇنداق بىر باشلانما بېيت بار:

بېيت

ئىستەسەم دەۋر ئەھلىدىن ئىشقىڭنى پىنھان ئەيلەمەك،
كېچەلەر گاھ ئىڭراماقدۇر ئادەتىم گاھ سىڭرەمەك②.

پارس تىلىدا بۇ سۆزلەرگە لايىق سۆز يوق. ئۇ ھالدا شائىر نېمە قىلالىسۇن؟ ”سىقتاماق“ سۆزى ”يىغلاماق“نىڭ مۇبالىغە بىلەن ئېيتىلىشى بولۇپ، تۈركىي شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيت

ئول ئايكى كۆلە ـ كۆلە قىراغلاتتى مېنى،
يىغلاتتى مېنى دىمەيكى سىقتاتتى مېنى③.

ئۆن سېلىپ يىغلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ”ئۆكۈرمەك“ سۆزى بىر تۈركىي شېئىرنىڭ باشلانما بېيتىدا مۇنداق قوللىنىلغان:

---

① زاھىد ئىشقىنى ئاشكارا قىلماقچى بولسا، كۆزىدىن ياش چىقارماي يىغلامسىرايدۇ.
② ئىشقىڭنى خەقتىن يوشۇرماقچى بولسام، ئادىتىم كېچىچە گايى ئىڭراپ، گاھى ئۆكسۈپ يىغلاشتۇر.
③ ئۇ گۈزەل كۆلە ـ كۆلە مېنى چەتلەتتى، مېنى مۇنداقلا يىغلاتمىدى، بەلكى زار ـ زار يىغلاتتى.

www.uyghurkitap.com

بېيت

ئىشىم تاغ ئۆزرە ھەر يان ئەشك سەيلابىنى سۇرمەكدۇر،
فىـراق ئاشۇبىـدىن ھەر دەم بۇلۇت ياڭلىغ ئۆكۈرمەكـدۇر①.

پارس تىلىدا "ئۆكۈرمەك" بىلەن باراۋەر كېلىدىغان سۆز بولمىغاندلىقى ئۈچۈن، پارسىيگوي شائىر مانا مۇشۇنداق بىر نازۇك ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. يەنە "يىغلاماق"نىڭ "ئۆكۈرمەك" تۈرى بىلەن قاتارداش "ئىنچىكىرمەك" تۈرىمۇ بولۇپ، ئىنچىكە ئاۋازدا يىغلاشقا قارىتىلىدۇ. بۇ سۆز تۈركىي تىلدا مانا مۇنداق قۇرۇلمىنىڭ تەركىبىدە كەلگەن:

بېيت

چەرخ زۇلمىداكىم بوغزۇمنى قىرىپ يىغلار مېن،
ئىگرۇر چەرخ ئۇرۇر ئىنچىكىرىپ يىغلارمېن②.

"يىغلاماق"نىڭ يەنە بىر خىلىنى بىلدۈرىدىغان "ھاي-ھاي" سۆزىنى ئىشلىتىشتە پارسىيگويلار ئۆزلىرىنى تۈركىيگويلارغا شېرىك قىلىدۇ. بىراق بۇ سۆزمۇ تۈركىيدۇر. پېقىرنىڭ مۇنۇ چۇشۇرگە بېيتى ھەممىگە مەلۇم:

بېيت

نەۋايى ئول گۈل ئۈچۈن ھاي-ھاي يىغلاما كۆپ.
كى ھەي دېگۈنچە نى گۈلبۇن، نى غۇنچە، نى گۈل بار③.

---

① مېنىڭ ئىشىم تاغلاردا كۆز يېشىمنى ھەر يانغا سەلدەك ئاقىۋۇزۇش، پىراق دەردىدىن ھەر دائىم بۇلۇتتەك ھۆڭگىرەپ يىغلاش بولۇپ قالدى

② پەلەك زۇلمىدىن بوغۇزۇمنى قىرىپ يىغلايمەن، ئىگىرىلگەن چاق ئاۋازىدەك چىرقىراق ئۈن بىلەن يىغلايمەن.

③ ئەي ناۋايى، ئۇ گۈل ئۈچۈن ئانچە بەك يىغلاپ كەتمە، چۈنكى، ھەدېگۈچە گۈل تۈپى بولسۇن، غۇنچە بولسۇن، گۈلنىڭ ئۆزى بولسۇن، ھەممىسى تۈگەيدۇ.

تۈركىي تىلدا نازۇك مەنىلىك سۆزلەردىن "قىمسانىماق" بىلەن "قىزغانماق" تۆۋەندىكى بېيىتتا مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيىت

ئىزارىڭنى ئاچارغا قىمسانۇرمېن،
ۋەلى ئېل كۆرمەكىگە قىزغانۇرمېن①.

پارسىيگوي شائىرلار مۇنداق نازۇك مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇمدۇر.

ئاشىق ئايىغىغا تىكەن سانجىلماقنى ئىپادىلەشتە پارسىيگويلار "خار" سۆزى بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. جاننى بەك قاقشىتىدىغان "چۆكۈر" سۆزىگە لايىق كېلىدىغان سۆز ئۇلاردا يوق. بۇ سۆز تۈركىي شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيىت

چۆكۈرلەركىم سېنىڭ يولۇڭدا تۈيۈرۈلمىش ئاياغىمغا،
چېكىپ ئول كوي گەردىن سۈرمە تارتارمېن قاراغىمغا②.

ئىشق يولىدا ئۆز مەھبۇبىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئاشىقنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈشى ناھايىتى تەبىئىي بىر ئەھۋال. لېكىن سارتلاردا بۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز يوق، ھەتتا شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆزمۇ يوق. بۇ سۆز تۈركىي تىلدا مۇنداق قوللىنىلغان:

① يۈزۈڭنى ئېچىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قىزغىنىمەن.

② سېنىڭ يولۇڭدا پۇتۇمغا سانجىلغان چېقىر تىكەنلەرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا شۇ يەرنىڭ توپىسىنى يېقىپ، كۆزۈمگە سۈرمە قىلىپ سۈرىمەن.

بېيىت

تۆكەدۇر قانىمنى ھەر دەم كۆزلەرىڭ باقىپ تۇرۇپ،
كىم نېچە يۈزۈمگە باققايسېن يىراقتىن تەلمۈرۈپ①.

تۈركىي تىلدىكى "ياسانماق" سۆزى پارس تىلىدا "ئارەستە" ياكى "ئارايىش" سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن "ياسانماق" سۆزىنىڭ مۇبالىغە تۈرى بولغان "بېزەنمەك" سۆزى ئۈچۈن ئۇلاردا سۆز يوق. بۇ سۆز تۈركىي تىلدا مۇنداق كېلىدۇ:

بېيىت

ئېرۇر بەس چۇ ھۇسنۇ مەلاھەت سەڭا
ياسانماق، بېزەنمەك نى ھاجەت سەڭا②.

تۈركىي تىلدا كۆز بىلەن قاشنىڭ ئارىلىقى "قاباغ" دېيىلىدۇ. لېكىن سارتلاردا بۇ ئەزانىڭ نامى يوق. گۈزەللەر تەسۋىرلەنگەن بىر مەسنەۋىدە بۇ سۆز مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيىت

مەڭىزلەرى گۈل، مۇژەلەرى خار③،
قاباغلارى كېلىك ـ كېلىك ئاغىزلارى تار.

ئاشىقلارنىڭ يىغلاپ ياش تۆكۈشلىرى ئاھ ئۇرۇش ۋە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىش ئاساسىدا روي بېرىدۇ. تۈركىي شائىرلار ئۇلۇغ كىچىك تىنىشنى چېقىنغا، ئاھ ئۇرۇشنى ئىلدىرىم ("گۈلدۈرماما" مەنىسىدە)غا ئوخشىتىدۇ:

---

① "قاچانغىچە ماڭا يىراقتىن تەلمۈرسەن" دەپ تىكىلگەن كۆزلىرىڭ مېنىڭ قېنىمنى تۆكىدۇ.

② گۈزەللىكىڭ يېتەرلىك تۇرسا، ساڭا ياسىنىش، بېزىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

③ مۇژەلەرى خار ــ كىرپىكلىرى خۇددى تىكەن.

بېيت

فىراقىڭ ئىچىدە ئۇلۇس ئۆرتەمەككە ئەي ماھىم،
چاقىندۇرۇر دەمىمۇ ئىلدىرىمدۇرۇر ئاھىم①.

پارس تىلىدا چېقىن ۋە ئىلدىرىمدەك ئېنىق ۋە گەۋدىلىك ئىككى نەرسىگە ئات قويۇلمىغان بولۇپ، بۇ ئۇقۇملار "بەرق" ۋە "سائىقە" دېگەن ئەرەبچە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

گۆزەللەرنىڭ ھۆسنى تەسۋىرلەنگەندە، تۈركىي شائىرلار چوكىراق خالنى "مېڭ" دەپ ئاتايدۇ. ئەمما پارس تىلىدا بۇنىڭ ئېتى يوق. بۇ سۆز تۈركىي شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

بېيت

ئانىڭكىم ئال ئېڭىندە مېڭ ياراتتى،
بويى بىرلە ساچىنى تېڭ ياراتتى②.

پارس تىلىدا سۆز يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنى بىر-بىردىن ئېيتىشقا توغرا كەلسە، گەپ بەك ئۇزىرىپ كېتىدۇ.

"تەجنىس"③ ۋە "ئىيھام"دىن④ پايدىلىنىش شائىر-ئەدىبلەر

---

① پىراق ئوتى بىلەن كىشىلەرنى كۆيدۈرۈۋىتە، دىمىم چېقىن، ئاھىم گۈلدۈرمامىدۇر.

② ئۇنىڭ قىزىل مەڭزىدە مەڭ ياراتتى. ئۇنىڭ بويى بىلەن چېچىنى تەڭ ياراتتى.

③ تەجنىس — ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى.

④ ئىيھام — ئىككى بىسلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىش سەنئىتى.

ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمى بىر ئەھۋال. شېئىرگە ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، ”ئات“ سۆزىنى بىرىنچىدىن ”نام“ مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن ”مىنىدىغان ئات“ مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى ”ئات“ مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز شېئىردا مانا مۇنداق قوللىنىلغان:

نەزم

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بېگىم،
سۆرئەت ئىچرە دىۋ ئېرۇر ئاتىڭ بېگىم.
ھەر خەدەنگىكىم ئۆلۈس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بېگىم①.

بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار يازالمايدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى ”تۇيۇغ“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئارۇز توغرىسىدىكى «مىزانۇل ئەۋزان» ناملىق كىتابىتا چۈشەنچە بېرىلگەن.

جۈملىدىن ”ئىت“ سۆزىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي رەقىب، ئۆزنى ئاڭا تۇتساڭ ھەم ئىت،
بىزگە رەھىم ئەيلەپ ئانىڭ كويىدىن ئىت.

---

① خىنىم، سىنىڭ ئېتىڭ ھۆر - پەرىدۇر، سىنىڭ ئېتىڭ سۈرئەتتە دىۋگە ئوخشايدۇ، سەن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئاتقۇەرگىن.

گەرچە بار دەۋزەخچە ئىشقىنىڭ شولىسى،
بىزنى ئۆز ئىلكىگە بىلە ئول سارى ئىت①.

"تۇش"، "يان"، "ياق" سۆزلىرىنىمۇ شۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە قوللانغىلى بولىدۇ. مۇنداق ئۈچ خىل مەنىدە قوللانغىلى بولىدىغان سۆزلەر تولىمۇ كۆپ. بىرمۇنچە سۆزلەرنى تۆت خىل مەنىدە قوللانغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، "بار" سۆزىنى بىرىنچىدىن مەۋجۇتلۇق مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن بارماققا قىلىنغان بۇيرۇق مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن "يۈك" مەنىسىدە، تۆتىنچىدىن "مېۋە" مەنىسىدە قوللانغىلى بولىدۇ. بەزى سۆزلەر ھەتتا بەش خىل مەنىدە قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، "ساغىن" سۆزى بىر يەردە ياد قىلماققا قىلىنغان بۇيرۇقنى بىلدۈرسە، بىر يەردە "سۈتلۈك قوي" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ سۆزنى ئىشق يولىدىكى مەس، مەجنۇن ۋە بىمار سۆزلىرىنىڭ ھەربىرى ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. بەزى سۆزلەرگە ئۇنىڭدىن كۆپ مەنىلەرنى يۈكلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، "تۈز" سۆزى بىلەن ئوق ياكى نەيزىگە ئوخشاش تۈز نەرسىنى ئىپادىلەشكىمۇ، تۈپتۈز دالا مەنىسىنى ئىپادىلەشكىمۇ، "تۈز كىشى" دىكى "تۈز" مەنىسىنى ئىپادىلەشكىمۇ، سازنى تۈزمەككە قىلىنغان بۇيرۇقنى ئىپادىلەشكىمۇ، ئىككى كىشىنى ياراشتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەشكىمۇ، بىر ئولتۇرۇشنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. "كۆك" سۆزىمۇ شۇنداق كۆپ مەنىدە

① ھەي رەقىب، سەن ئۆزەڭنى ئۇنىڭ ئىتى ھېسابلىساڭمۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ كوچىسىدىن ئىت (يىت، يوقال)، ئىشق ئوتى دوزاخ ئوتىدەك بولسىمۇ مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن شۇ تەرەپكە ئىت (ئىتەر).

www.uyghurkitap.com

ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەردىن بولۇپ، "ئاسمان" مەنىسىدە، "ئاھاڭ" مەنىسىدە، تىككەن نەرسىنىڭ كۆكلىشى مەنىسىدە، "قاداق" مەنىسىدە، "كۆك ئوت" مەنىسىدە قوللىنىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ئۈچ خىل، تۆت خىل ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەنىلەردە قوللىنىشقا بولىدىغان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مۇنداق ئەھۋالنى پارس تىلىدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

"ۋاۋ" گورۇپپىسىدىكى تاۋۇشلارنى①، "يا" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلارنى② بىر ـ بىرىگە قاپىيە قىلىش پارسچە شېئىرلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئىككى خىلدىن ئاشمايدۇ، "ۋاۋ" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلار "خود" ــ "دۇد"، "زور" ــ "نۇر" شەكلىدە، "يا" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلار "بىر" ــ "شىر" شەكلىدە قاپىيىلىنىدۇ. تۈركىي شېئىرلاردا بۇ خىل قاپىيە تۆت خىلغا يېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن:

"ئوت" ــ كۆيىدىغان ئوت.

"ئۆت" ــ ئۆتمەكنىڭ بۇيرۇق شەكلى.

"ئۇت" ــ ئۇتماقنىڭ بۇيرۇق شەكلى.

"ئۈت" ــ تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ئۈتلىمەك (قۇيقىلىماق) تىكى "ئۈت" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

"تور" ــ "تورغا چۈشمەك" تىكى تور.

---

① "ۋاۋ" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلار ــ "و" ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن تاۋۇشلار.

② "يا" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلار ــ "ى" ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن تاۋۇشلار.

"تۇر" — تەلەپپۇزى يۇقىرلقىدىن تارراق بولۇپ، قۇش ئۆلتۇر-دىغان ياغاچنى بىلدۈرىدۇ.
"تۆر" — تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، ئۆينىڭ تۆرى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.
"تۇر" — تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، تۇرمەكنىڭ بۇيرۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ.
"يا" گۇرۇپپىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قاپىيىلىشىشىگە كەلسەك، بۇلار ئۈچ خىلدىن ئاشمايدۇ، مەسىلەن:
"بېز" — بۇنى سارتلار "قۇدۇد" (بەز) دەيدۇ.
"بىز" — "ما" ياكى "نەھنۇ" (I شەخس كۆپلۈك ئالماش) مەنىسىدە.
"بىز" — "دەرەفش" (بىگىز) دەيدۇ.
يەنە مەسىلەن:
"تېر" — تەرمەك مەنىسىدە.
"تېر" — تەلەپپۇزى يۇقىرقىدىن تارراق بولۇپ، سارتلار ئۇنى "ئەرەق" ياكى "خوي" (تەر) دەيدۇ.
"تىر" — تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ئوق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
سۆز تاللاشقا كەلگەن ئىمكانىيەت يارىتىش ۋە قاپىيىگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بىرقانچە ھەرپنى بىر-بىرىگە جورلاشتۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. جۈملىدىن ئېلىپ (ا) بىلەن ھا(ە) بىر-بىرىگە قاپىيە بولالايدۇ، مەسىلەن، "ئەرا" سۆزىنى "سەرا" ۋە "دەرا" بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ، "سەرە"، "دەرە" بىلەن قاپىيە قىلىشقىمۇ

www.uyghurkitap.com

بولــدۇ. ”يەدا“ سۆزــنى ”سەدا“ بىلەن قاپىــيە قىلىشــقا بولىدۇ. ”بادە“ بىلەن قاپىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ۋاۋ(و) بىلەن زەممە (ـُـ) بىر ـ بىرىگە جور بولالايــدۇ. مەســىلەن، ”ئىرۇر“ سۆزــنى ”هۇر“، ”دۇر“ سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىــشقا بولــدۇ. ”غۇرۇر“، ”زۆرۈر“ سۆزلــرى بىلەن قاپىــيە قىلىســمۇ بولــدۇ. يا(ى) بىلەن كەسـرە (زىر بەلگىسى)مۇ بىر ـ بىرىگە جور بولالايدۇ. مەسىلەن، ”ئاغىر“، ”باغىر“ سۆزلىرىنى ”سادىر“، ”قادىر“ سۆزلىرى بىلەن قاپىيە قىلىشقا بولىدۇ. ”تەئخىر“، ”تەغيىر“ سۆزلــرى بىلەن قاپــيە قىلىشــقىمۇ بولــدۇ. هالبۇكى، پارس تىلىدا بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يوق.

بۇ تىلنىڭ (تۈركىي تىلنىڭ) ياسىغۇچــلىرى كۆپ نەرســلەردە ئۇششــاق تەرەپــلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، نازۇك مەزمۇن ۋە مەنىلەر ئۈچۈن ســۆزلەرنى ياســغانــكى، بۇنىڭ ئىســپاتــلىرى بىرمۇنــچە مىساللاردا كۆرستىلدى.

تۈركــلەر غــزا ۋە يېگــلى بولىدىــغان هەر خىل نەرســلەرنى ”يېگۈلۈك“ دەيدۇ، سارتلارنىڭ كۆپچىلىكى هەتتا هەممــىسى يېمەكــنىمۇ، ئىچمەكنىمۇ ”خوردەنى“ سۆزى بىلەنلا ئىپادىلەيــدۇ. سارتلار چوڭ قېرىنداشنى بىلەن كىچىك قېرىنداشنىڭ ئىككىلىسىنى ”بەرادەر“ دەيدۇ، تۈركلەر بولسا چوڭىنى ”ئاغا“، كىچىكنى ”ئىــنى“ دەيــدۇ. سارتلار چوڭ، كىچىــك قىز قېرىــنداشلىرــىنى ئوخــشاشلا ”خاهەر“ دەيدۇ. تۈركلەر بولسا، چوڭىنى ”ئىگــچە“، كىچىكــنى ”سىڭــل“ دەيدۇ. تۈركلەر ئاتىسىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىنى ”ئاپاغا“ دەيــدۇ، ئانىــسىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرــنى ”تاغايى“ دەيــدۇ. سارتــلار بۇلارنىڭ هېچــقايسىــغا ئات قويمىغان بولۇپ، ئەرەبــچە ”ئەمم“ ۋە ”خــال“ سۆزلىرــنى ئىشلــتىــدۇ، شۇنىڭــدەك ”كۆكۆلــتاش“، ”ئەتەكە“،

”ئىنگە“لەرنى تۈركچە سۆز بىلەن ئېيتىدۇ. ئۇلار ھەممىگە ئايان بولغان ”ئاق ئۆي“گە ”خەرگاھ“ دەپ ئات قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى، مەسىلەن، ”تۈڭلۈك“، ”ئۈزۈك“، ”تورلۇق“، ”باسرۇق“، ”چىغ“، ”قانات“، ”كۆزنەك“، ”ئۇغ“، ”باغىش“، ”بۇساغا“، ”ئېركېنە“ قاتارلىقلارنى تۈركچە سۆز بىلەن ئاتايدۇ. ”ئاۋ“ بىلەن ”قۇش“نىڭ پادىشاھلار رەسىم-قائىدىسى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ئىش ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئىككىلىسىنى ”شىكار“ دەيدۇ. ئۇۋدا ئاساسىي كۆزلەنگەن نەرسە كېيىك بولۇپ، تۈركلەر ئۇنىڭ ئەركىكىنى ”ھۈنە“، چىشىسىنى ”قۇلچاقچى“ دەيدۇ، سۇيقۇننىڭ ئەركىكىنى ”بۇغۇ“، چىشىسىنى ”مارال“ دەيدۇ، سارتلاردا بولسا، ”ئاھۇ“ ۋە ”گەۋەزەن“دىن باشقا نام يوق. غەۋغالىق ۋە جاپالىق ئۇۋلارنىڭ بىرى تۇڭگۇز ئۇۋى بولۇپ، تۈركلەر ئۇنىڭ ئەركىكىنى ”قابان“، چىشىسىنى ”مىكىجىن“، كۈچۈكىنى ”چۈرپە“ دەيدۇ. سارتلار بولسا ھەممىسىنى ”خوك“ ياكى ”گوراز“ سۆزى بىلەن ئاتايدۇ. ئەمدى قۇشقا كەلسەك، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىلباسۇن يەنى ئۆردەكتۇر. لېكىن سارتلار ”ئىلباسۇن“نى بىلمەيدۇ. تۈركلەر ئۆردەكنىڭ خورىزىنى ”سۈنە“، مىكىيىنىنى ”بۇرچىن“ دەيدۇ، سارتلار بولسا بۇنىڭغىمۇ ئات قويمىغان بولۇپ، ئىككىلىسىنى ”مۇرغابى“ دەيدۇ. ئۆردەكنىڭ ھەر خىل تۈرىنى بىلىدىغان قۇشچىلار ئۇلارنى ”چۆركە“، ”ئىركەسوقتۇر“، ”ئالمە باش“، ”چاقىرقانات“، ”تېمۇرقانات“، ”ئالەلەدغە“، ”ئالەپەكە“، ”باغچال“ قاتارلىق يەتمىش خىلغا يەتكۈزىدۇ، سارتلار بولسا ھەممىسىنى ”مۇرغابى“ دەپلا تۈگىشىدۇ، ئەگەر ئايرىش زۆرۈر بولسا، تۈركچە ئېتى بىلەن ئاتايدۇ. ئاتنىڭ تۈرىنى بىلدۈرىدىغان

”توبۇچاق“، ”ئارغۇماق“، ”يەكە“، ”يابۇ“، ”تاتۇ“ قاتارلىقلارنىمۇ تۈركچە دەيدۇ. ئاتنىڭ يېشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپىچىلىكىنىمۇ تۈركچە ئېيتىدۇ، بۇلاردىن بىرلا ”قۇلۇن“نى ”كۇررە“ دەيدۇ، قالغان ”تاي“، ”غونان“، ”دۆنەن“، ”تولان“، ”چىرغا“، ”لانغە“ قاتارلىقلارنى سۆزگە ئۇستاراقلىرى تۈركچە دەيدۇ، كۆپچىلىكى بولسا بۇلارنىمۇ بىلمەيدۇ. ئاتنىڭ ئېگىرىنى ”زىن“ دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ”جىبىلكەر“، ”ھەنا“، ”توقۇم“، ”جارلىغ“، ”ئۇلارچاغ“، ”غانجۇغە“، ”چىلبۇر“، ”قۇشقۇن“، ”قانتار“، ”تۆفەك“، ”توقا“ قاتارلىق قىسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى تۈركچە ئېيتىدۇ. قامچىنى ”تازيانە“ دېسىمۇ، لېكىن ”بۆلدۈرگە“، ”چوپچۇرغە“لىرىنى تۈركچە دەيدۇ. ”جىبە“، ”جەۋشەن“، ”كۆھە“، ”قالقاندۇرۇق“، ”قاربىچى“، ”كىجىم“، ”ئاھە“ قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنىمۇ تۈرك تىلى بىلەن ئېيتىدۇ. ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكلەردىن ”دەستار“، ”قالپاق“، ”نەۋرۇزى“، ”تۆپى“، ”شىرداغ“، ”دەكلە“، ”يىلەك“، ياغلىغ“، ”تىرلىك“، ”قۇر“ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۈركچە ئېيتىدۇ. يېمەكلىكلەردىن قوينىڭ بەزى ئەزالىرىغا ئات قويغان بولسىمۇ، لېكىن ”ئارقە“، ”ئاشۇغلۇغ ئىلىك“، ”يان سۆڭەك“، ”قابۇرغا“، ”ئىگىك“، ”ئورتا ئىلىك“، ”بوغۇزلاغۇ“ قاتارلىق ئەزالىرىنى تۈركچە ئاتايدۇ. شۇنىڭدەك ”قايماغ“، ”قاتلامە“، ”بۇلاماغ“، ”قۇرۇت“، ”ئۇلابە“، ”مانتۇ“، ”قۇيماغ“، ”ئۆركەمەچ“، ”قىمىز“، ”سۇرمە“، ”باخسۇم“، ”بوزە“، ”تۇتماچ“، ”ئۇماچ“، ”كۆمەچ“، ”تالقان“ قاتارلىق يېمەك-ئىچمەك ناملىرىنىمۇ تۈركچە ئاتايدۇ. مۇنداق ئۇششاق-چۈششەك تەرەپلەرنى كۆرسەتكىلى تۇرساق بەك كۆپ.

ئەمدى سۆزلەردىكى قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە توختىلايلى. ئەرەب تىلى سەرفىدە "مۇفائەلە" دەپ ئاتىلىدىغان "مۇئارەزە"، "مۇقابەلە"، "مۇشائەرە"، "مۇكالەمە" دېگەنگە ئوخشاش ئۆزى بىر سۆز سۈپىتىدە تۇرۇپ ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان ئىنتايىن پايدىلىق بىر پىئىل شەكلى باركى، ئۆزلىرىنى سۆز ئۇستىسى دەپ دەۋا قىلغان پارسىگويلار بۇ خىل پايدىلىق ئىمكانىيەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، لېكىن تۈركىي تىلنىڭ ئۇستىلىرى پىئىل تومۇرىغا بىر "ش" تاۋۇشىنى قوشۇپ، "چاپىشماق"، "تاپىشىماق"، "قۇچۇشماق"، "ئۆپۈشمەك" دېگەنگە ئوخشاش شەكىلگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق شۇ خىل ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ ئۇسۇل شۇنداق جايىدا بولغانكى، ئۇنىڭ ئىجادچىلىرىغا قايىل بولۇش ۋە ئاپىرىن ئوقۇش كېرەك. دېمەك، تۈركلەر ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستىلىقى بىلەن يەنە پارس تىلى ئۇستىلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن.

بۇندىن باشقا، سارتلار ئەرەب تىلىنىڭ سەرفى بويىچە ياسىلىدىغان ئىككى مەفئۇللۇق پىئىللار ئىپادىلىگەندەك مەنىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قالغان. تۈركلەر بولسا ئىنتايىن ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن شۇنىڭغا تەڭ پىئىل شەكلىنى ياسىيالايدۇ. ئەرەبچىدە "ئەئتەيتۇ زەيىدەن دىرھەمەن" (زەيدكە پۇل بەردىم) دېگەن جۈملە ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان. تۈركلەر ناھايىتى ئىخچام ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا پىئىلغا بىر تاۋۇشنى قوشۇپ، ئۇنى "يۈگۈرت"، "قىلدۇرت"، "ياشۇرت"، "چىقارت"قا ئوخشاش شەكىلگە كىرگۈزۈش ئارقىلىقلا بۇ مەنىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ.

تۈركلەر يەنە بەزى سۆزلەرگە "چى" قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق "قۇرچى"، "سۇچى"، "خەزىنەچى"، "كېرەك ياراقچى"،

”چۆكەنچى“، ”نەيزەچى“، ”شۆكۈرچى“، ”يۇرتچى“، ”شەيلانچى“، ”ئاختاچى“، قاتارلىق مەنسەپ ناملىرىنى ۋە ”قۇشچى“، ”بارسچى“، ”قورۇقچى“، ”تامغاچى“، ”جىبەچى“، ”يورغەچى“، ”ھەلۋاچى“، ”كېمەچى“، ”قويچى“ قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپ ناملىرىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. قۇشچىلىق ھۈنىرىدە يەنە ”قازچى“، ”قۇچى“، ”تۇرناچى“، كېيىكچى“، ”توشقانچى“ قاتارلىق سۆزلەرنى ياسىيالايدۇ، لېكىن سارتلاردا بۇ خىل ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى يوق. ئۇلار بۇ خىل مەنسەپ، ھۈنەر ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنى تۈركچە ئېيتىدۇ.

يەنە تۈركىي تىلدا بىر ئىشنى تەھقىقلەشتۈرۈپ ئەمەس، بەلكى گۇمان بىلەن بىر كىشىگە باغلايدىغان ”بارغۇدېك“، ”يارغۇدېك“، ”كېلگۈدېك“، ”بىلگۈدېك“، ”ئايتقۇدېك“، ”قايتقۇدېك“، ”ئۇرغۇدېك“، ”سورغۇدېك“ شەكىلدىكى ئىنتايىن نازۇك بىر خىل ئىپادىلەش شەكلى باركى، بۇمۇ پارس تىلىدا يوق.

يەنە تۈركىي تىلدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بىر ”چ“ تاۋۇشى قوشۇلۇپ، ”يەتكەچ“، ”ئېتكەچ“، ”بارغاچ“، ”يارغاچ“، ”تاپىقاچ“، ”ساتقاچ“ قاتارلىق شەكىللەر ھاسىل قىلىنىپ سۈرئەت تېپىدىكى بىر خىل مەنە ئىپادىلىنىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بىر ”ر“ تاۋۇشى قوشۇلۇپ ”بىلەكۆر“، ”قىلاكۆر“، ”كېتەكۆر“، ”يېتەكۆر“ قاتارلىق شەكىللەر ھاسىل قىلىنىپ مۇبالىغە ۋە تىرىشىش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ①. يەنە رەڭ ۋە سۈپەتنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنقى تاۋۇشىغا بىر ”پ“ ياكى ”م“ تاۋۇشى قوشۇلۇپ، ”ئاپئاق“، ”قاپ-قارا“، ”قىپ-قىزىل“، ”ساپ-سارىغ“، ”يوپ-يومۇلاق“،

① بۇ يەردە ئازراق ئېنىقسىزلىق بار.

"يەپ ـ يەسى"، "ئاپ ـ ئاچۇغ"، "چوپ ـ چوقۇر"، "كوم ـ كوك"، "يام ـ بېشىل"، "بومبوز" قاتارلىق شەكىللەر ھاسىل قىلىنىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا "ۋۇل" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، پادىشاھلىقنىڭ ھەربىي ياكى بەزم ئىشلىرىغا باشلىق بولغانلارنىڭ خاس سۈپىتى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھىراۋۇل"، "سوزاۋۇل"، "پاتاۋۇل"، "كىتپاۋۇل"، "ياساۋۇل"، "بەكاۋۇل"، "شىغاۋۇل"، "داقاۋۇل" دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن سارتلار بۇنىڭدىن مەھرۇم. تۈركىي تىلدا يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بىر "ل" تاۋۇشى قوشۇلۇپ، شەيئىنىڭ مەلۇم سۈپەتتە تۇراقلىششىنى بىلدۈرىدىغان "قاھال"، "ياسال"، "قابال"، "تونقال"، "بۇ قال"، "توسقال"، "سۈيۈرغال" قاتارلىق سۆزلەر ياسىلىدۇ.

شۇ قەدەر مول نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكتىن، ھازىرغىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بىلمىسىز ھەم بىلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئاسان دەپ پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، ئەگەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتنى تاپقان ۋە بۇ تىلدا ھەر خىل پىكىرنى ئىپادىلەش، خۇش سۆزلۈك، شائىرانىلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىش تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسان ئىدى. يۇقىرىدا تۈركىي تىلىنىڭ ئومۇمىيىتى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى. روشەنكى، بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە تالانتلىرىنى ئۆز تىلى تۇرغان يەردە

باشقا تىل بىلەن نامايان قىلماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە مۇنداق ئىشقا كىرىشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەگەر ھەر ئىككى تىلدا يېزىش قابىلىيىتى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يېزىپ، باشقا تىلدا ئازراق يېزىش كېرەك ئىدى. بەك ئېشىپ كەتكەندىمۇ ئىككى تىل بىلەن ئوخشاش يېزىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن-دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن، يازسىمۇ، خۇددى سارتلار تۈركىي تىل بىلەن يازغان شېئىردەك خۇش سۆز تۈركلەر قېشىدا ئوقۇيالمىسۇن ۋە ئۆتكۈزەلمىسۇن، ئوقۇسىمۇ ھەر سۆزىدىن يۈز ئەيىب تېپىلىپ، ھەر جۈملىسى يۈز ئېتىرازغا ئۇچرىسۇن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىي تىلدا نازۇك مەنىلىك سۆز ۋە ۋاسىتىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى ئۆز لايىقىدا قوللىنىپ جەزبىيلىك جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش قىيىن بىر ئىش ئىدى. ئەدەبىيات مەيدانىغا يېڭى قەدەم قويغانلار ئەنە شۇ قىيىنچىلىقتىن قېچىپ، ئاسانراق تەرەپكە يۈزلىنىپ كەتكەن ۋە بۇ ھال تەكرارلىنىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار بۇنى ئادەت قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىدىن كېچىپ، مۇشكۈلرەك بولغان يەنە بىر ئىشنى ئادەت قىلىشى تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات مەيدانىغا قەدەم قويغانلار بولسا، ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ پارسچە شېئىر يېزىش ئادىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن باشقىچە يول تۇتۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئۇلارمۇ شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ئۆگەنچىلەردە

هامان شۇنداق بىر ئادەت بولدۇ. ئۇلار ئۆز تالانتىنىڭ دەسـ-
لەپكى نەتىجىسىنى ئۆزگە مەھبۇب ھېسابلاپ، ئۇنى شۇ پەن
ئەھلىنىڭ ئالدىدا جىلۋىلەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ
پەن ئەھلى تۈركىي تىلدىن بەھرىمەن بولالمايدىغان پارسىيگويلار-
دۇر. شۇڭا يېڭى ئۆگەنچىلەرمۇ تۈركىي تىلنى قوللانماي، شۇ پەن
ئەھلى قوللىنىۋاتقان تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ-دە، پەيدىنپەي
شۇ قاتارغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ بۈگۈنكى كۈندە بولۇۋاتقان ئەھۋال.

ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۈركىي
تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇقلۇقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتـ-
تىكى شۇ قەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى
ئاساسىدا نامايان بولمىغان ئىدى. بەلكى مەخپىيەتخانىغا تاشلىنىپ
ئۇنتۇلۇشقا يېقىنلاشقان ئىدى.

ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاغزىم جەۋھەردانىدىن
بەزى گۆھەرلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۆھەرلەر
تېخى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى، پەقەتلا كۆڭلۈم دېڭىزىدىن
نەزم يىپىغا يۈزلەنگەن گۆھەرلەر تەبىئىتىم غەۋۋاسىنىڭ ئىجتىھادى
بىلەن ئېغىز ساھىلىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا مەنمۇ
يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنئەنە بويىچە پارس تىلى بىلەن يېزىشقا
يۈزلەنگەنىدىم. بىراق، ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن،
ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەبىئىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانـ-
لىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە
قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ
ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى. مەن ئۇ يەردە توققۇز

www.uyghurkitap.com

پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇزىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم، دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۈيۈكلۈك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشەنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرەمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ ئىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى. مەن ”سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ ئىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىلەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ“ دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى، مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى، دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزى- نىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى، كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۈچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى.

شۇ جۈملىدىن بىرى «غەرايىبۇس سىغەر» (بالىلىق غارايىپلىرى) دىۋانىدۇر. كىچىك يېشىمدا تۈزۈلگەن بۇ دىۋاندا غارايىپ مەنىلەرگە غارايىپ تىل لىباسىنى كىيدۈرۈپ، خەلق كۆڭلىنى غارايىپستان

ئەھلىنىڭ ئوتى بىلەن كۆيدۈردۇم.

يەنە بىرى «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋانىدۇر. يىگىتلىكىمنىڭ دەسلىۋىدە تەسۋىرى قەلىمىم بىلەن نامايىش دىۋانى ۋە زىننەت بوستانىغا كىرگەن بۇ دىۋاندا نادىرلار تاماشاسى بىلەن يىگىتلىك مەملىكىتىگە غەۋغا سېلىپ، يىگىتلەر كۆڭلىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

يەنە بىرى «بەدايىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋانىدۇر. ئۆمرۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەسەۋۋۇر قەلىمىمنىڭ نەققاشلىقى ۋە يۈكسەك ماھارىتى بىلەن بېزەلگەن بۇ دىۋاندا گۈزەللىك ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق شەيدا كۆڭۈللەر ئىشكىنى ئىشىق تېشى بىلەن قېقىپ، ئۇ ئۆيلەرگە جىدەل ۋە ئاپەت ئوتلىرىنى ياقتىم.

يەنە بىرى «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋانىدۇر. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا غايىۋى قەلىمىم چىن رەسىمخانىسىنىڭ رەشكىنى ۋە جەننەتىنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغان ھالەتكە كىرگۈزگەن بۇ دىۋاندا چوڭلارغا پايدىلىق زىلال سۇ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى ئەلەنگىسىگە ئۇگۇتلەر بولىقىدىن سۇ چاچتىم.

بۇ تۆت دىۋان ساداسىنى دۇنياغا ياڭرىتىش بىلەن بىللە «خەمسە» (بەش داستان)نى قولغا ئالدىم:

«ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشىلار ھەيرانلىقى) بېغىدا تالانتىم گۈللىرى ئېچىلدى. شەيخ نىزامى[1] روھى «مەخزەنۇل ئەسرار»

---

① 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئازەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى نەزەردە تۇتۇلدۇ. «مەخزەنۇل ئەسرار» ئۇنىڭ ئەسىرى.

(سىرلار خەزىنىسى)دىن بىشىغا دۇرلار چاچتى.

يەنە، تەپەككۇرۇم «فەرھاد ۋە شىرىن» كىچىسىگە يۇزلەنگەندە مىر خۇسرەۋ① دېمى «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» ئوتى بىلەن چىرىغىمنى يورۇتتى.

يەنە ئىشقىم «لەيلى ۋە مەجنۇن» ۋادىسىغا قەدەم قويغىنىدا خاجۇنىڭ② ھىممىتى «گەۋھەرنامە» سىدىن ماڭا گۆھەرلەر يەتكۈزۈپ بەردى.

يەنە، دىلىم «سەبئەئى سەييارە» (يەتتە سەييارە) كۆزەتمىسىگە باغلانغاندا ئەشرەفى③ ئۆزىنىڭ «ھەفت پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) ىدىكى يەتتە ھۆرىنى خىزمىتىمگە ئەۋەتتى.

يەنە، خاتىرەم بىناكارى «سەددى ئىسكەندەرى» (ئىسكەندەر سېپىلى) ئۇلىنى سالغاندا، ھەزرەتى مەخدۇم④ «خىرەدنامە» (ئەقىلنامە) سىدىن ئىسلاھ ۋە مەدەت ناغرىسىنى چالدى.

بۇ «خەمسە» ئىشىدىن پاراغەت تاپقىنىمدىن كېيىن پىكرىم سەييياھىنى ھۆكۈمدارلار تارىخى دەشتىگە چاپتۇردۇم، ۋەقەلەر

---

① خۇسرەۋ دېھلەۋى (1253 — 1325) — ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى "لاچىن" ناملىق تۈركىي قەبىلىدىن بولسىمۇ، ئۆمرىنى ھىندىستاندا ئۆتكۈزگەن. ئۇ پارس تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان، جۈملىدىن «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» داستانىنى يازغان.

② مىلادى 1341 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر ئىران شائىرى. «گەۋھەر نامە» ئۇنىڭ ئەسرى.

③ ئىران شائىرى، «ھەفت پەيكەر» ئۇنىڭ ئەسرى.

④ بۇ يەردە بۈيۈك تاجىك ئالىمى، ناۋائىينىڭ ئۇستازى نۇردىدىن ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) نەزەردە تۇتۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇلۇقىدىن «زۇبدەتۇت تەۋارىخ» (تارىخلار جەۋھەرلىرى)نى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆلگەن نامىنى مۇشۇ ھايات سۆيى بىلەن تىرىلدۈردۈم.

قەلىمىم «نەسائىمۇل مۇھەببەت» (سۆيگۈ سەلكىنى) تەسۋىرىدىن پەيز ياغدۇرغانىدا، ئالەم ئاللا ئەۋلىيالىرىنىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ پەيزى بىلەن تولدى.

«لىسانۇت تەير» (قۇش تىلى) ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى قۇش تىلى ئىشارىتى بىلەن مەجاز قىلىپ كۆرسەتتىم.

«نەسرۇل لەئالى» (ئۈنچىلەر چاچمىسى) خەزىنىسىنى تەرجىمە قىلىپ، «نەزمۇل جەۋاھىر» (جەۋھەرلەر تىزمىسى) بىلەن نازۇك مەنىلەر لىباسىنى بېزىدىم.

«مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىنلەر مىزانى) دېڭىزلىرىدا غەۋۋاس بولۇپ، شۇ ئۆلچەك بىلەن نەسىر تۇسىدىن① كەچۈرۈم سورىدىم.

بۇلاردىن باشقا بىرمۇنچە رىسالە ۋە مەكتۇپلارنى يازدىم. مۇنداق يازمىلارنى كونا ۋە يېڭى پارس تىلىنىڭ ماھىرلىرىمۇ كۆپلەپ يازغان. ئەگەر دانا سۇدىيە ئادالەت كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ، بۇرۇنقى پارسىي ۋە كېيىنكى تۈركىي يازمىلاردىكى گۈزەل سۆز-ئىبارە ۋە نازۇك مەنىلەردىن بەھرىمەن بولسا، ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەرقايسىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى بەلگىلىگەن چاغدا، شۇنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئويلايمەنكى، سۆزلىرىمنىڭ مەرتىۋىسى ئەۋجىدىن تۆۋەن چۈشمەيدۇ، ئەسەرلىرىمنىڭ يۇلتۇزى ئەلا

---

① 1201 — 1273 - يىللاردا ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم ۋە شائىر. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئارۇز توغرۇلۇقمۇ كىتاب يازغان.

دەرىجىدىن ئۆزگە يەرنى خالىمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مۇخالىپ ۋە دەۋاگەرلىرىم "ناۋايىنىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلغا باپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كۆپتۈرۈۋاتىدۇ. پارسچە بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەتكە قېقىپ ئىنكار قىلىۋاتىدۇ" دەپ قالمىسۇنكى، پارسچىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا ھېچكىم مەندىن ئارتۇق ئىش قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىك تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ياخشىراق بىلگەن ئەمەس. ئون بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە بولغان ۋاقتىم بولۇپ، بۇ ئۆمرۈم گۈلشەنىنىڭ نەۋباھار مەزگىلى، ھاياتىم بېغى مايىسزارىنىڭ جۇشقۇن چېغى ئىدى. بۇ دەۋردە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇلبۇلى ھەربىر گۈل جامالىغا ئاشىق، ئىنسان روھىنىڭ پەرۋانىسى ھەربىر چىراغ ھۆسنىگە مەپتۇن بولىدۇ. بۇ مەزگىللەردە يا بىر گۈزەلنىڭ ھۆسن-نازىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئىشق-ئىلتىجاسىنى ئىزاھلاشقا سەۋەب بولىدىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال ھامان غەزەلگە باغلىنىپ، كىشى يا ئۇنى يېزىش كويىدا بولىدۇ، يا ئۇنى ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئوقۇشقا يارايدىغان پارسچە دىۋانلاردىن مېنىڭ قايتا-قايتا مۇھاكىمە قىلىشمىدىن ئۆتمىگىنى ئاز بولسا كېرەك. خۇسۇسەن بۇ يەردە مۇنۇ دىۋانلارنى ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: بىرى، ئىشق ۋە دەرد ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ دىۋانى بولۇپ، ئاشىقلىقتىكى دەرد ئېيتىش، يالۋۇرۇش، كۆيۈك ئىزھار قىلىش ئۇسۇللىرى ئەنە شۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ۋە قاراڭغۇ يەر يۈزىگە چېچىلغان بۇ نۇر شۇنىڭ ئىشقى مەشئەلىدىن چىققاندۇر. يەنە بىرى، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ

سەرخىلى ۋە ئىپتىخارى خوجە ھافىز شىرازىنىڭ① نازۇك ۋە چوڭقۇر پىكىرلەر بىلەن تولغان دىۋانى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيىن شاملى قۇتلۇقلار روھىدىن بەلگە بېرىدۇ ۋە ئەيسا پەيغەمبەر نەپەسىدىن ئەسەر يەتكۈزىدۇ. يەنە بىرى، مېنىڭ پىر ۋە ئۇستازىم، تەرىخەت ئەھلىنىڭ يېتەكچىسى، جىمى ئەۋلىيالارنىڭ داھىسى ۋە شەيخۇل ئىسلامى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ھەزرىتى مەۋلانە-ئابدۇراخمان جامى (ئاللار ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) جانابلىرىنىڭ كىشىنى روھلاندۇرغۇچى ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر غەزەل ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىدەك، ھەربىر رىسالە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىدەك يۈكسەك، ئۇلاردىكى ھەر سۆز دۇردىنمۇ قىممەت، ئوتقاش ياقۇتتىنمۇ جۇلالىقتۇر. بۇ ئەسەرلەردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇسرەۋ دېھلەۋى بىلەن ھافىز شىرازىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوبۇل قىلىنىپ ۋە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىشقى، تالانتى ۋە يېتىلگەن ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر سەنئەت ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن. مەن مۇشۇ زاتلارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى كۆپ قېتىملاپ ئوقۇدۇم، تولىسىنى يادلىدىم، قەسىدە ۋە غەزەللەردىكى غارايىپ گۈزەللىك-لەردىن خەۋەردار بولدۇم، بىرمۇنچىلىرىغا نەزىرىلەرمۇ يازدىم.

قەسىدىلەردىن ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «دەريايى ئەبرار» (ياخشىلار دەرياسى) قەسىدىسى ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئاپتورنىڭ ئۆزى: "مېنىڭ يۈز مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەلىيات دىۋانلىرىم بىلەن قەسىدە ۋە مەسنەۋى كىتابلىرىم

---

① ئەڭ مەشھۇر ئىران شائىرلىرىدىن بىرى. 1389-يىلى ۋاپات بولغان.

يەر يۈزىدىن يوقلىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، مۇشۇ قەسىدەم قالسىلا بولدى. ئۇنىڭدا مەنىلەر تولۇق مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ پەن ئەھلىگە مېنىڭ ماھارىتىمدىن ۋە پەزىلىتىمدىن تولۇق گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ" دېگەن ئىكەن. بۇ قەسىدىنىڭ مەشھۇر باشلانما بېيىتى مۇنداق:

كۇسى شەھ خالىيۇ بانگى غۇلغۇلەش دەردى سەرەست،
ھەركى قانىئ شۇد بەخۇشكۇ تەر شەھى بەھرۇ بەرەست①.

بۇ شېئىرغا جاۋابەن ھەزرەتى جامى «لۇججەتۇل ئەسرار» (سىرلار دېڭىزى) نامىدا بىر قەسىدە يېزىپتۇ. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق:

كۇنگۇرى ئەيۋانى شەھ گەزكاخى كەيۋان بەر تەرەست،
رەخنە ھادان كەش بەدىۋارى ھىسارى دىن دەرەست②.

ھەقىقەتەن، ئالدىنقىسى ياخشىلار دەرياسى بولسا، كېيىنكىسى باھار بۇلۇتى بولۇپ، خايى مەرتىۋىدە بولسۇن ياكى تەسىرچانلىقتا بولسۇن ئالدىنقىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن، ئۇ ئالدىنقىسىنىڭ ئۈستىگە سايە، بېشىغا تاج بولالايدۇ. مەن بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىككىلىسىگە ئىلتىجا ۋە تەلەپكارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر نەزىرە يېزىپ ئۇنى «تۇھفەتۇل ئەفكار» (مەجرۇھ سوۋغىسى) دەپ ئاتىدىم. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق:

---

① پادىشاھنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئىچى كاۋاك، ئۇنىڭ گۇمبۇرلىگەن ئاۋازى باش ئاغرىقى. ھەممىگە قانائەت قىلىدىغان ئادەم جاھاننىڭ پادىشاھى بولالايدۇ.

② پادىشاھنىڭ ساتۇرىن قەسرىدىنمۇ ئېگىز سارىيىنىڭ كۇنگۇرىلىرىنى دىن سېپىلىغا ئېچىلغان تۆشۈك ۋە يوچۇقلار دەپ بىل.

ئاتەشىن لەئلى كى تاجى خۇسرەۋانىرا زىۋەرەست،
ئەخگەرى بەھرى خەيالى خام پۇختەن دەرسەرەست①.

مەن ئۇلارغا قوشۇمچە قىلغان نۇرغۇن مەنىدار سۆزلەر ۋە مەزمۇنلۇق ئىشارەتلەر بۇ پەن ئەھلىنىڭ ماھىرلىرى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغانلار ھەزرەتى جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ كۆرسە بولىدۇ. «ھايات باھارىستانى» ياكى «نىجاتلىق نىگارىستانى» دەپ ئاتىسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغان بۇ كىتابتا مېنىڭ يۇقىرىدىكى باشلانما بېيىتىم پاكىت تەرىقىسىدە كۆرسىتىلىپ مېنىڭ قەسىدەمگە "بۇ دۆلەت نىزامى ئاسمان گۈمبىزىگە ئېسىلسا ئورنى بار، بۇ سائادەت گىربى مۇشتىرى يۇلتۇزىنىڭ بويىنىغا بېزەك قىلىنسا مۇناسىپ ۋە ئىپتىخار" دېگەن باھا بېرىلگەن. بۇ كىتابنى ئالغان ۋە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى تېپىپ ئوقۇغان كىشىلەر مېنىڭ ئۆزەم توغرىسىدىكى تەرىپلەرنى تەھرىرلەپ قىسقارتىۋەتلەنلىگىمنى بىلىدۇ.

يەنە، مىرخۇسرەۋنىڭ «مىرئاتۇس سەفا» (پاكلىق ئەينىكى) ناملىق قەسىدىسىگە مەندىن ياراتقۇچى خاقانىئى شىرۋانى② نەزىرە يېزىپتۇ. ئۇنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق:

بېيىت

دىلىم تىفلەستۇ پىرى ئىشق ئۇستادى زەباندانەش،
سەۋادۇل ۋەجھ سەبەقۇ مەسكەنەت كۇنجى دەبستانەش③.

---

① پادىشاھ تاجىنى بېزەپ تۇرغان قىزىل ياقۇتلار ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى خام خىياللارنى پىشۇرىدىغان چوغ.

② مەشھۇر ئىران شائىرلىرىدىن بىرى.

③ كۆڭلۈم بىر سەبى بالا، ئىشقىنىڭ پىرى ئۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۇستاز. مەكتەپ بۇلۇڭلىرىدا بويىنىنى قىسىپ يۈرۈپ دەرس ئوقۇش ئۇنىڭ يۈز قارىلىقى.

www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى جامى ئۇنىڭغا جاۋابەن «جەلائۇر رۇھ» (روھ جۇلاسى) نامىدا بىر قەسىدە يېزىپتۇ. ئۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

مۇئەللىم كىست ئىشقۇ كۇنجى خامۇشى دەبىستانەش،
سەبەق نادانىيۇ دانا دىلەم تىفلى سەبەقخانەش①.

مەن بۇ ئىككى ئۇلۇغ زاتقا نەزىرە قىلىپ، «نەسمۇل خۇلد» (جەننەت شامىلى) قەسىدىسىنى يازدىم. بۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

مۇئەللىم ئىشقۇپىرى ئەقلدان تىفلى سەبەقخانەش،
پەيى تەئدىبى تىفل ئىنەك فەلەك شۇد چەرخى گەردانەش②.

بۇ قەسىدىگىمۇ بىرمۇنچە ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەنىلەرنى كىرگۈزدۈم.

يەنە «رۇھۇل قۇدۇس» (مۇقەددەس روھ) قەسىدىسىنى ياگرىتىپ مۇقەددەسلەر روھىغا روھ قوشتۇم. بۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

زىھى بەخامەئى قۇدرەت مۇسەۋۋەرى ئەشيا،
ھەزار نەقشى ئەجەب ھەر زەمان ئەزۇ پەيدا③.

---

① مۇئەللىم كىم؟ مۇئەللىم — ئىشق. مەكتەب — جىمجىت بۇلۇڭ. دەرس — نادانلىق. مېنىڭ دانا كۆڭلۈم بولسا، شۇ يەردە ئوقۇغان بىر سەبى بالا.

② ئىشق مۇئەللىمدۇر. ئەقل دېگەن بوۋاي ئۇنىڭ سەبى ئوقۇغۇچىسى. پەلەكنىڭ چاقى مۇشۇ بالىغا ئەدەب بېرىش ئۇچۇن ئايلىنىدۇ.

③ قۇدرەت قەلىمى بىلەن شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش نېمىدېگەن ياخشى، چۈنكى ئۇنىڭدىن ھەر زامان مىڭلىغان نەقشلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

يەنە، «ئەينۇل ھەيات» (ھايات بۇلىقى) قەسىدىسىنىڭ زىلال سۈيىنى ئۇزىتىپ، غەپلەت ئەھلىنىڭ ئۆلۈك تەنلىرىگە جان كىرگۈزدۈم. بۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

ھاجىبانى شەب چۇ شادۇرۋانى سەۋدا ئەفكەنەند،
جىلۋەدەر خەيلى بۇتانى ماھ سىيما ئەفكەنەند①.

يەنە، «مىنھاجۇن نەجات» (نىجات يولى) قەسىدىسىدە توغرىلىق ئاساسىنى تۈزۈپ، ئازغانلارغا نىجات يولىنى كۆرسەتتىم. بۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

زىھى ئەز شەمئى رۇيەت چەشمى مەردۇم گەشتە نۇرانى،
جەھانرا مەردۇمى چەشم ئامەدى ئەز ئەينى ئىنسانى②.

يەنە، قەلبىم «قۇۋۋەتۇل قۇلۇب» (قەلبلەر قۇۋۋىتى) قەسىدىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ھەقىقەت يولىدىكى زەئىپ كۆڭۈللەرگە قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇنىڭ باشلانما بېيتى مۇنداق:

بېيت

جەھانكى مەرھەلەئى تەڭ شاھراھى فەناست،
دەرۇمە ساز ئىقامەتكى راھى شاھۇگەداست③.

---

① تۈن دەرۋازىۋەنلىرى قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى يايغاندا، ئاي يۈزلۈك دىلبەرلەرگە جىلۋە بېرىدۇ.

② ئاپىرىن، سېنىڭ يۈزۈڭ شامىدىن كىشىلەرنىڭ كۆزى نۇرلاندى، سەن ئىنسانلىق بۇلىقىدىن دۇنياغا كۆز گۆھىرى بولۇپ كەلدىڭ.

③ بۇ دۇنيا ئۆلۈمنىڭ داغدام يولىدىكى كىچىك بىر ئۆتەڭ. سەن بۇ يەردە تۇرۇۋالما، چۈنكى بۇ شاھلارنىڭمۇ، گادايلارنىڭمۇ ئۆتىدىغان يولى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئالتە قەسىدىدە ئاللا مەدھىيىسى پەيغەمبىرىمىز سۈپىتى ۋە ئۈگۈت-نەسىھەتلەر بايان قىلىندى. تەسەۋۋۇف ۋە ھەقىقەت ئەھلىنىڭ تىلى بىلەن مەرىپەت ئايان قىلىندى.

يەنە تەساۋۋۇپچى بولمىغان شائىرلار تەرىقىسىدە يېزىلىپ، تۆت پەسىل نامى بىلەن ئاتالغان تۆت قەسىدەم مەيدانغا كەلدى. تۆت پەسىلنىڭ ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، نەمىلىك، قۇرۇقلۇق ھالەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ قەسىدىلەر خۇددى تۆت پەسىل خاسىيەتلىرىنىڭ تەسىرىدەك يەر يۈزىگە يېيىلدى.

قەسىدىچىلىك مەيدانىنىڭ چەۋاندازى، ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز شائىرى بۈيۈك ئۇستاز خوجە كەلمۇددىن سەلمان① مەشھۇر «مەسنۇئ» قەسىدىسىگە قەلەم سۈرۈپ، ئۇنى ئون سەككىز يىلدا تاماملاپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇكى، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر پىكىر ۋە يۈكسەك سەنئەتتىن پۈتۈن نەزم ئەھلى ھەيران ھەس بوپتۇ. تەرسى② سەنئىتى باشلانما بېيىتتىن ئۆزگە بېيىتلاردا بولالمايدۇ. بۇ قەسىدىدىكى باشلانما بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى قائىدىگە مۇۋاپىق چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى مىسرادىكى بىر سۆزدە خىلاپلىق قىلىنغان. بۇ باشلانما بېيىت مۇنداق:

بېيىت

سەفايى سەفۋەتى رۇيەت بەرىخت ئابى بەھار،

ھەۋايى جەننەتى كۇيەت بەبىخت مۇشكى تەتار③.

---

① 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى.

② بېيىتنىڭ مىسرالىرىنى سۆزمۇسۆز قايىيداش قىلىش.

③ سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ساپلىقى باھاردىكى سۈزۈك سۇنىڭ ئۆزى، سېنىڭ جەننەتتەك كوچاڭنىڭ ھاۋاسى خۇددى تاتار مۇشكى سورۇلغاندەك خۇش بۇي.

بۇ باشلانما بېيتقا نەزىرە يازغان نۇرغۇن ماھىر شائىرلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەي لەت بوپتۇ. پېقىر يازغان باشلانما بېيت مۇنداق:

بېيت

چۇنان ۋەزىد بەبۇستان نەسىمى فەسلى بەھار،
كەزان رەسىد بەياران شەمىمى ۋەسلى نىگار①.

دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلغان كىشى بۇ باشلانما بېيتنىڭ تەرسى سەنئىتى جەھەتتە ئەيىبسىز ئىكەنلىكىنى، مۇۋاپىقلىشىش جەھەتتە ئېتىرازدىن خالىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالالايدۇ. مەن بۇ خىل شېئىرنى تەكشۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر رۇبائىمۇ يازدىمكى، خەلىل ئىبنى ئەھمەد② رۇبائى قائىدىسىنى بەرپا قىلغاندىن بۇيان تەرسى سەنئىتى بىلەن رۇبائى يېزىلغانلىقى ئىشتىلگەن ئەمەس. بۇ رۇبائى مۇنداق:

رۇبائى

ئى رويى تۇ كەۋكەب جەھان ئەرايى،
ۋى بۇيى تۇ ئەشھەب رەۋان ئەسايى.
بى مۇيى تۇ يارەب چۇنان فەرسايى،
گىسويى تۇ چۇن شەب فىغان ئەفزايى③.

---

① باھار پەسلىنىڭ مەيىن شامىلى گۈلزارلىقتا ئەسكەندە، ئۇ كەلتۈرگەن خۇش پۇراقلار دوستلارنى ئۆز نىگارلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۈندەيدۇ.

② 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب ئالىمى. ئارۇز قائىدىلىرىنى رەتلەپ چىققان.

③ ئەي يۈلتۇز چېھرىلىك، سەن دۇنيا زىننىتى، ئەي ئەنبەر بويلۇق، سەن روھ مىسالى. چېچىڭ كۆرۈنمىسە، زۇلۇم ئەزىبرايى، كېچىدەك چېچىڭ پىغانىڭ كانى.

يەنە، بارلىق نەزم ماھىرلىرىنىڭ پەسەنتىگە ناتىل بولغان خوجە ھافىز ئۇسۇلى بويىچە ئالتە مىڭدىن ئارتۇق بېيتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارسچە غەزەلىيات دىۋانى تۈزۈپ چىقتىم. بۇ دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ كۆپچىلىكى خوجە ھافىزغا، بەزىسى غەزەل شەكلىنىڭ ئىختىراچىسى بولغان ھەزرىتى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدىگە①، بەزىسى ئىشق ئوتخانىسىنىڭ ئەلەڭگە قوزغىغۇچىسى ۋە دەرد كۆلبە-سىنىڭ ياش ئاققۇزغۇچىسى بولغان مىرخۇسرەۋغا، بەزىسى كامالەت ئەۋجىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى بولغان ۋە يۇقىرىدا ئىيتىلغان ئەزىزلەر-نىڭ ھەممە پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ھەزرىتى جامىغا نەزىرە قىلىنغان. ئۆزىدىكى جەزىبىلىك سەنئەت ۋە دىلكەش مەزمۇن ئارقىلىق دەۋر ئەھلىنى مەپتۇن قىلغان بۇ دىۋاننى تەپسىلىي تەرىپلەپ ئولتۇرۇش ئۆزەم ئۈچۈن مۇناسىپ ئەمەس. ئۇنىڭغا يەنە ھەر خىل نەزم تۈرلىرىدىن ئۆلگە سۈپىتىدە قىتئەلەر، رۇبائىلار، مەسنەۋىلەر، تارىخ، تېپىشماقلار، جۇملىدىن بەش يۈزگە يېقىن مۇئەمما كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تولىسى ھەزرىتى جامىنىڭ تۈزىتىش ۋە ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز قەلىمىم بىلەن دەۋر سەھىپە-سىگە يېزىلغاندۇر.

بۇلاردىن باشقا، يىگىتلىك دەۋرلىرىمدە ماھارەتلىك پارسىگوي شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق بېيتنى يادلاپ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خۇشاللىقلار بىلەن ئۆزەمنى ئاۋۇندۇر-غان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن

---

① 1193 — 1292 - يىللاردا ياشىغان مەشھۇر ئىران شائىرى.

مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن. مەن پارس تىلىنىڭ ئەيىب ۋە سەنئە-
تىنى مۇلاھىزە قىلىش بابىدا زادى بوشاشمىغان. بۇ ۋادىدا قەلىمىم
چەۋەنداز ىنىڭ ئات سالمىغان يېرى قالمىغان. ئاز كەم قىرىق يىلدىن
بېرى خۇراسان مەملىكىتى ئىلىم-پەن ئەھلىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ
بۈيۈك ماكانى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەملىكەتنىڭ مۆتىۋەر ئەدىبلىرى
ھەرقانداق نەرسە يازسا، مېنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشۈمگە سۇنۇپ،
تۈزىتىش كىرگۈزۈشۈمنى ئىلتىماس قىلىشىپ كەلدى. خاتىرىمگە
كەلگەن نۇقتىلارنى كۆرسەتسەم، رازىمەنلىك بىلەن قايىل بولۇشتى.
بەزى پىكىرلىرىمگە كۆنمىسە، ئۇنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ
بەرسەم، قانائەت ھاسىل قىلىشىپ خۇشال بولۇشتى. بىرمۇنچە
ئەدىب ۋە شائىرلار شېئىردا ئەنۋەرى① بىلەن سەلماننىڭ قايىسى
ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككى تەرەپ بولۇپ تالىشىپ،
بىر-بىرىنى قايىل قىلالماي مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن ۋە مېنىڭ
قىلغان ھۆكۈمۈمگە قايىل بولۇپ كېتىشكەندى. غەزەلدە مىرشاھى②
بىلەن مەۋلانە كاتىبى③ ۋە بۇلاردىن باشقىلارنىڭ قايىسى ئۈستۈن
تۇرىدىغانلىقى، مەسنەۋىدە ھەزرىتى شەيخ نىزامى بىلەن مىرخۇسرەۋ
دېھلەۋىنىڭ قايىسى ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كۆپ
مۇنازىرىلەر بولۇپ، خۇددى مۇشۇنىڭدەك بىر تەرەپ بولغان ئىدى.
ھەممىدىن مۇھىم پاكىت شۇكى، پارس تىلىدا ئەڭ يۇقىرى كامالەت
ئىگىسى بولغان ۋە سۆزىگە دەرىجە بېرىلسە، خۇدانىڭ ۋە

---

① 1221 — 1258 - يىللاردا ياشىغان مەشھۇر ئىران شائىرى.
② مەشھۇر ئىران شائىرى. مىلادى 1453 - يىلى ۋاپات بولغان.
③ مەشھۇر ئىران شائىرى. مىلادى 1435 - يىلى ۋاپات بولغان.

رەسۇلۇللانىڭ سۆزلىرىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان ھەزرىتى جامى كىتاب، رىسالە، غەزەل، قەسىدىلەر يېزىپ مەنە گۆھەرلىرىنى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈپ، كۆڭۈل خىلۋەتخانىسىدىن جامائەت تاماشاگاھىغا جىلۋە بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى ئالدى بىلەن ئىلتىپات ۋە ئىشەنچ يۈزىسىدىن ماڭا بېرەتتى ۋە "بۇ ۋاراقلارنى ئال، باشتىن ئاياغ كۆرۈپ چىق، خاتىرىڭغا قانداق پىكىر كەلسە ئېيت" دەيتتى ۋە بايان قىلغان پىكىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، ئۇ ھەزرەت ئوندىن ئارتۇق كىتاب ۋە رىسالىدە ئېتىمنى ئاتاپ، كۆپ يېرىدە تالانت، ئىدراك ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار جەھەتلەردىن تەرىپىمنى قىلغان. مۇشۇ خىل ئىناۋەت ئاساسىدا بىر قەرىندىن[1] ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ[2] ئەڭ كاتتا ئالىملار توپلانغان ۋە ئىلىم-ئېرپاننىڭ مەنبەئى بولغان ئالىي سۆھبەتلىرىدە سۆزۈم يۈكسەك مەرتىۋە ھەم يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. سۆزۈم سەۋەبى بىلەن ئۆزەم بۈيۈك ئېتىبارغا مۇيەسسەر بولسام، ئۆزەم سەۋەبى بىلەن سۆزۈم ئالىي دەرىجىگە مۇشەررەپتۇر. ئاللانىڭ مەرھەمەتىگە ۋە ھەقىقەتىنىڭ چەكسىز نۇرىغا ئېرىشكەن، قۇتلۇق دىلى ئىلىم گۆھىرىنىڭ دىڭىزى، مۇبارەك خاتىرى ناتىۋان بەندىلەرنىڭ نىجات كىمياسى بولغان سۇلتانلار سۇلتانى ئۆز ھۇزۇرىدىكى ئالىي مەجلىسلەردە ئەدەبىياتنىڭ ئاتالغۇ ۋە قائىدىلىرى بابىدا سۆز بولسا ماڭا خىتاپ قىلاتتى، ئەدىب-

① بىر قەرن 32 يىل.

② بۇ يەردە تۆمۈرلەك ئەۋلادى، خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا (سۇلتان ھۈسەيىن باھادىرخان) نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بابىدا سۆز ئېچىلسا ماڭا ئىشارەت قىلاتتى ۋە قۇياشتەك پايدىلىق خىسلىتىدىن ۋۇجۇتقا كېلىپ، گۆھەر ياغدۇرغۇچى قەلىمى بىلەن بېزەلگەن ۋە تەبىئىي ھالىتى ئاساسىدا بايان شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن بىر رىسالىسىدە مېنى شېئىرىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى بويىچە "ساھىبقىران" دەپ ئاتاپ ۋە "تەڭداشسىز" دەپ تەرىپلەپ مېنىڭدەك تۆۋەن بىر بەندىنىڭ مەرتىۋىسىنى پەلەككە يەتكۈزدى ۋە مېنىڭدەك ئەرزىمەس بىر قۇلنىڭ دەرىجىسىنى قۇياش-تىن ئاشۇردى. مۇقەررەركى، بۇ سۇلتانلار سۇلتانى زامان مۇشكىلا-تىنى يېشەلەيدىغان مۇبارەك خىسلەتكە، ئالەمدىكى بارلىق نازۇك مەنىلەرنى يېشەلەيدىغان قۇتلۇق زېھىن-ئىدراكقا ئىگىدۇر. مەن ئەسلى تۇپراقتىن بەتتەر بىر ناتىۋان بەندە ئىدىم، لېكىن ئۇ قۇياشنىڭ تەربىيىتى بىلەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئاچتىم، مەن ئەسلى توزاندىنمۇ بەتتەر ئەرزىمەس بىرنەرسە ئىدىم. لېكىن ئۇ بۇلۇتنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن رەڭدار دۇرلار چاچتىم. مېنىڭ تەسىرچان شېئىرلىرىم مۇناجات ئەھلى ئىچىدە توپىلاڭ ۋە غەۋغا قوزغىدى. بەزمە قىزىتقۇچى غەزەللىرىم مەيخانا ئەھلىنى ئاھ، دات دېگۈزدى. بەس، مېنىڭ ئەدەبىيات بابىدىكى بىلىم ۋە ماھارىتىم پارسىي تىل بويىچىمۇ، تۈركىي تىل بويىچىمۇ شۇنچە كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئىككى تىلنىڭ قايسىسىنى قايسىسىدىن ئۈستۈن قويسام، ھەرقانداق كىشىنىڭ "شۇنداق" دەپ ئېتىراپ قىلماقتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە يەنە بىرمۇنچە تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللەرنى كەلتۈرۈشكە بولاتتى، لېكىن ئانداق قىلساق بۇ كىتابچىنىڭ ھەجمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

يەنە شۇنداق بىر قانۇنىيەت باركى، ھۆكۈمرانلىق ئەرەب

www.uyghurkitap.com

خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرىنىڭ قولىدا بولغان چاغدا، ئەدەبىيات ئەرەب تىلى بىلەن راۋاج تېپىپ، ھەسەن سابىتەك① ، لاقىيتەك② تىل ماھىرلىرى ۋە يېتىك شائىرلار مەيدانغا كېلىپ ئۆز تىللىرى بىلەن نەزم ئىپادىسىنى جايىغا يەتكۈزدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىدىنمۇ ئىبراھىم مەھدىدەك③، مەئمۇن خەلىفىدەك④ شائىرلار ۋە باشقا سۇلتانزادىلەر پارلاق نەزملەردىن قەسىدىلەر توقۇدى ۋە پايدىلار كۆرسەتتى.

بىر قىسىم جايلاردىكى سارت ھۆكۈمرانلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەسىدىدە خاقانىئى، ئەنۋەرى. كەمال⑤ ئىسمائىل⑥، زەھىرى⑦، سەلماندەك، مەسنەۋىدە پەن ئۇستازى فىردەۋسى⑧، زامانىنىڭ نادىرى شەيخ نىزامى ۋە ھىندى سىپھىرگەرى مىر

---

① مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب شائىرى.

② ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب شائىرى.

③ ئىبراھىم مەھدى (780 — 839) — ئابباسىيلاردىن مەھدىنىڭ ئوغلى ۋە ھارۇنۇر رەشىدنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، مۇزىكا ۋە ئەدەبىياتتا ئىختىساسلىق ئىدى.

④ مەئمۇن خەلىفە (786 — 834) — ئابباسىيلاردىن ھارۇنۇر رەشىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، 813 - يىلى خەلىفە بولغان، ئۆزى ئالىم ھەم شائىر ئىدى.

⑤ مەشھۇر ئىران شائىرى.

⑥ مەشھۇر ئىران شائىرى، مىلادى 1238 - يىلى ۋاپات بولغان.

⑦ ئىرانلىق شائىر بولۇپ، مىلادى 1201 - يىلى ۋاپات بولغان.

⑧ فىردەۋسى (932 — 1020) — ئەڭ مەشھۇر ئىران شائىرلىرىدىن.

خۇسرەۋدەك، غەزەلدە دەۋرىنىڭ ئىجادچىسى مۇسلىھۇددىن سەئدى ۋە ئەسىرىنىڭ يېگانىسى خوجە ھافىز شىرازىدەك پارسىيگوي شائىرلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە گەپنى ئۇزارتمايمىز، چۈنكى ئۇزۇن گەپ كىشىلەرگە خۇش ياقمايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سارت ھۆكۈمدارلىرىدىنمۇ سۇلتان تۇغرۇلدەك① ۋە شاھ شۇجائىدەك② ئالىي پادىشاھ ۋە زور قوماندانلار گۈزەل شېئىر، شېرىن غەزەللەر يېزىپ مەشھۇر بولدى ۋە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

ھاكىمىيەت ئەرەب ۋە سارت سۇلتانلىرىدىن تۈرك خانلىرىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇلاكۇخان③، سۇلتان ساھىبقىران تۆمۈر كوراگان دەۋرلىرىدىن تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى ۋە ئىزباسارى شاھرۇخ سۇلتان④ دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەككاكى⑤، ھەيدەر خارەزمى⑥،

---

① ئىراندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سەلجۇقلاردىن ئارسلاننىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1161 ـ يىلى تەختكە چىققان ئۆزى كاتتا شائىر ئىدى. 1193 ـ يىلىغىچە ياشىغان.

② ئىران ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر مۇبارىزىددىننىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1359 ـ يىلى تەختكە چىققان، ئۆزى ئالىم ۋە شائىر بولۇپ، ئىلىم، سەنئەت ئەھلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

③ چىڭگىزخان نەسلىدىن بولۇپ، مىلادى 1257 ـ يىلى ئىران ۋە ئىراق دائىرىسىدە ئىلخانىيە دۆلىتىنى قۇرغان پادىشاھ. مىلادى 1264 ـ يىلىغىچە ياشىغان.

④ شاھرۇخ سۇلتان (1377 ـــ 1446) ـــ تۆمۈرلەڭنىڭ تۆتىنچى ئوغلى. دادىسى ھايات چاغدا خۇراسان ۋالىسى بولغان. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە چىقىپ 42 يىل پادىشاھ بولغان.

⑤⑥ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ناۋايىدىن بۇرۇنقى ۋەكىللىرى.

ئاتايى①، مۇقىمى②، يەقىنى③، ئەمرى④، گادايى⑤ قاتارلىق تۈركىي تىلدا يازىدىغان شائىرلار مەيدانغا كەلدى. بىراق، مەۋلانە لۇتفى⑥نى ھېسابقا ئالمىغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان پارسىگوي شائىرلار بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان شائىر چىقمىدى. لۇتفىنىڭ ئەدىپلەر قېشىدا ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە باشلانما بېيىتلىرى بولۇپ بىرى مۇنداق:

بېيت

ئۇلكى ھۆسن ئېتتى بەھانە ئېلىنى شەيدا قىلغالى،
كۆزگۈدېك قىلدى سىنى ئۆزىنى پەيدا قىلغالى⑦.

بۇ دەۋردە تۆمۈر كوراگان ئەۋلادلىرىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتپەرۋەر سۇلتانلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بىراق، سۇلتان بابۇرنى⑧ ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلاردىن شائىر دېگۈدەك بىرى چىقمىدى ھەم ئۇلار تەرتىپىدىن ۋاراق يۈزىگە نەقىش بولغۇدەك بىرنەرسىمۇ يارىتىلمىدى. تۆۋەندىكى باشلانما بېيت سۇلتان بابۇرنىڭدۇر.

بېيت

نېچە يۈزۈڭ كۆرۈپ ھەيران بولايىن،
ئىلاھا، مېن سەڭا قۇربان بولايىن.

---

①②③④⑤⑥ — چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ناۋايىدىن بۇرۇنقى ۋەكىللىرى.

⑦ ئۇ ئەلنى شەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى گۈزەللەشتۈردى. ئۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەندىن بۇيان سەن ئۇنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك بولۇپ قالدىڭ.

⑧ شاھرۇخ سۇلتاننىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم بابۇر بولۇپ، مىلادى 1450 ـ يىللاردا بىرمەزگىل خۇراسان تەختىدە ئولتۇرغان.

بۇ ھالەتكە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خاتىمە بېرىلىدىكى، بۇ خاندانىدىن ئېسىللىك دېڭىزىنىڭ ئەڭ يېرىك ئۈنچىسى، ئادالەت كانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك گۆھىرى، باتۇرلۇق مەردىكىسىنىڭ رۇستەمدەك① قەھرىمانى، قوماندانلىق مەيدانىنىڭ سامى نەرىماندەك② سەردارى، ئۇلۇغۋارلىق تاجىنىڭ پارلاق گۆھىرى، بەزمسازلىق ئاسمىنىنىڭ قۇتلۇق يۇلتۇزى، جاھاندارلىق بەزمىسىنىڭ ئىسكەندەر③، جەمشىد④ مەرتىۋىلىك شاھى، جاھانگىرلىك ئولتۇرۇشىنىڭ ئالەمپاناھ قۇياشى، يۈكسەكلىك ئالىمىنىڭ كۆكتىن ئاشقان چوققىسى، ئادالەت ئاسمىنىنىڭ گۆھەر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتى، ئىلىم-مەرىپەت كۆزىنىڭ قارىچۇغى، ئەدەبىيات-سەنئەت بېغىنىڭ خۇش ناۋا بۇلبۇلى، سۇلتان ئوغلى سۇلتان، خاقان ئوغلى خاقان، سەلتەنەتنى، دۇنيانى ۋە دىننى ئەزىزلىگۈچى، جەڭگاھلار ئاتىسى سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخان جاھان شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. (ئاللاھ ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنىتىنى ئەبەدىي ئامان قىلغاي ۋە ئىككىلا ئالەمدە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى يۈكسەك

---

① ئىران رىۋايىتىدىكى ھەم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىكى زور بىر قەھرىمان.

② ئىران رىۋايىتىدىكى بىر زور قەھرىمان. رۇستەمنىڭ بوۋىسى.

③ ئىسكەندەر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 323 - يىللار) — قەدىمكى ماكدۇنىيە پادىشاھى فىلىپ II نىڭ ئوغلى بولۇپ، 20 يېشىدا پادىشاھ بولغان ۋە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلىرىنى زەبت قىلغان.

④ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدە تەسۋىرلىنىشىچە، قەدىمكى ئىران پىشتادىيان سۇلالىسىنىڭ تۆتىنچى پادىشاھى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلـغاي) .

رۇبائىـى

كىـم تا فەلەك ئافاق ئـۇزە دەۋر قىلۇر،
ئەنجۇم گۈلى ھەر تۈن بۇ چەمەنـدىن ئاچىلۇر.
نى شاھ ئانىڭ زاتى كەبـى ياد بىلـۇر،
نى تەبئ ئانىڭ تەبئىدىك ئىستەپ تاپىلۇر①

يەنە بىر رۇبائىي

تاكىم فەلەك ئىۋرۇلۇر دەۋام ئولسۇن ئاڭا،
ئىقبال بىساتىدا مەقام ئولسۇن ئاڭا.
ھەم نۇتق ئىلەجانبەخش كەلام ئولسۇن ئاڭا،
ھەم نەزم كەلامى مۇستەدام ئولسۇن ئاڭا②.

بۇ شاھ يۇرتنى ئەمنىيەت گۆھەرلىرى بىلەن بېزىدى، مەملىكەتكە بىرلىـك ئۇرۇقـلىرىنى ئەكتى. مەنە گـۆھەرلـىرىـنىڭ كانى بولغان بىـجىرىـم قەلبـى ۋە خۇدا بەرىـكەتلىرىـنىڭ ئورنى بولغان توغـرا زېھنى بىلەن ئىلىم ئەھلىگە ئاسايىشلىق ۋە شاد ـ خۇراملىق، ئىـلىم ساھەسىگە روناقلىق ۋە تەرەققىياتلار بەخش ئەتـتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بەھىرلىك ئەسەرلەر، مەزمۇنلۇق رىسالىلەر

---

① بۇ پەلەك ئۈپۈق ئۈستىـدە دەۋر قىلىپ تۇرسا، ھەر تۈن بۇ چىمەندە يۇلتۇز گۈللىرى ئېچىلىپ تۇردۇ. ھېچبىر شاھ ئۇنىڭدەك داڭـلىق بولالماس. ئۇنىڭ خىسلىتىدەك خىسـلەت زادى تېپىلـماس.

② پەلەك قانچىلىك چۆگىلىسە، ئۇنىڭ شاھلىقىمۇ شۇنچە داۋام قىلسۇن. ئۇنىڭ ئورنى ھەر زامان ئىقبال بىساتىدا بولسۇن، ئۇنىڭ ھاياتبەخش نۇتقى جاراڭـلاپ تۇرسۇن. ئۇنىڭ سۆزلـىرى ھەمىـشە نەزم بولۇپ چىقسۇن.

بارلىقا كەلدى، ئاجايىپ دىۋان، غەزەل قەسىدە ۋە مەسنەۋىلەر ئۇتتۇرىغا چىقتى. شاھ ئۆزى گەرچە پارسىي تىل بىلەن تۈركىي تىلنىڭ ئىككىلىسىدە سۆزلەش، يېزىشقا قادىر ھەم ماھىر بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى تەبىئىتىنىڭ تەلىپى ۋە چۈشىنىشلىك تىلدا ئىپادىلەش ئىستىكى بىلەن تۈركىي دىۋان تۈزۈشكە ئىختىيار قىلىپ، ئۇنى شۇنداق يېقىملىق بېيىت ۋە تەڭداشسىز غەزەللەر بىلەن تولدۇردىكى، پەلەك دىۋانخانىسىنىڭ قەلەمكەشى، ئاسمان ئىنتىزامخانىسىنىڭ رەقەمچىسى بولغان ئۇتارىد (مىركۇرى) يۇلتۇزىمۇ ئۇنداق نازۇك گۈل ۋە رەيھانلار بىلەن ياسانغان گۈلشەننى ۋە ئانداق بىباھا مەنە گۆھەرلىرى بىلەن بېزەلگەن خەزىنىنى كۆرگەن ئەمەس. ئۇنىڭدا نازۇك مەنە نازىنلىرى راۋان سۆز لىباسلىرىدا جىلۋىلىنىدۇ، ئاجايىپ ئۇقۇم رەنالىرى لەتىپ ئىپادە تونلىرىدا كىشىنى شەيدا قىلىدۇ. ئۇ دىۋان ئەمەس، بەلكى دېڭىزدۇر. ئۇنىڭدىكى ھەربىر غەزەل جەۋھەر بىلەن تولغان بىر كېمە. ياق كېمە ئەمەس، بەلكى خەزىنىدۇر. ئۇنىڭ ھەر يەتتە بېيىتى گۆھەرلەر يوشۇرۇلغان يۈز كانغا تەڭدۇر. ئۇنىڭ ئوتلۇق بېيىتلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ نەپسى خۇددى ئاپەتلىك ئىسسىق شامالدەك ئەل كۆڭلىنى ئۆرتەيدۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق سۆزلىرىنى تەلەپپۇز قىلغانلارنىڭ ئۈنى دەردمەنلەرنىڭ باغرىنى تىلغايدۇ. ئۇنىڭ بەزى سۆزلىرى شاد دىللارنى ماتەمدار قىلىدۇ، بەزى سۆزلىرى مۇزدەك سوۋۇغان كۆڭۈللەرگە ئوت سالىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق كارامەتلەر ۋە شۇنداق ھېكمەتلەر سىڭدۈرۈلگەنكى، تۈركىي تىلدا مۇنداق بىر دىۋان كۆرۈلگەن ئەمەس. يالغۇز كاتتا ھۆكۈمدارلارلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ھوسۇلدار شائىرلارمۇ بۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان يۈكسەك بىر ئەسەرنى

www.uyghurkitap.com

ياراتقان ئەمەس. بۇنى ئۇ شاھ ياراتتى ۋە ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئەسەرنىڭ زىلال سۇلىرى بەھىردارلىقتا قۇياش بۇلغىنى بىسىپ چۈشتى دىيىشمۇ بولىدۇ. بىلىمسىزلەر بۇ بىلىم بۇلىقىدىن بەھرىمەن بولدى. تەشنالار بۇ ھاياتبەخش سۇنى ئىچىپ قاندى.

بۇ سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ كارامەتلىك دىلى ۋە ئاپتاپ سۈپەت كۆڭلىنىڭ شۇنىڭغىمۇ مايىل ئىكەنلىكى روشەنكى، تۈرك شائىرلىرى ئۆز تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن، ئۇلارنىڭ كۆكۈل غۇنچىلىرىمۇ باھار شامىلىدەك نەپەس بىلەن ئېچىلسۇن. مۇشۇنداق ئىستەك، مۇشۇنداق غەمخورلۇق يۈزىسىدىن بىر قىسىم تېمىلار بويىچە شېئىرلار يېزىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇقلارمۇ چىقىرىلدى ھەم ئۇلارنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا دائىر بەلگىلىمىلەر ۋە قانداق ئىپادىلىنىش توغرىسىدا تەلىملەرمۇ ئىزھار قىلىندى. لېكىن تۈرك خەلقىنىڭ تالانتلىق بەگلىرى، بەگزادىلىرى ۋە ساپ تەبىئەتلىك دانىشمەنلىرى، مەردلىرى بۇ ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىمىدى. نەتىجىدە كۆتۈلگەن گۈزەل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىدى، ئۇلارغا باغلانغان ئۈمىدلەرمۇ يەردە قالدى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار شۇنداق سەنئەتپەرۋەر پادىشاھنىڭ شۇ قاتارلىق تەرغىبلىرى تەلىملىرى، ياخشىلىقلىرى ۋە ئارزۇلاشلىرىغا ۋاپا قىلىشنى ئۇنتۇغان ھالدا پەرمانسىزلىق بىلەن ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ، كۆپچىلىكى بەلكى ھەممىسى دېگۈدەك پارس تىلىغا مايىل ۋە شۇ تىل بىلەن يېزىشقا قايىل بولۇشتى.

تۈركىي تىلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرۇلۇق يۇقىرىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەر بېرىلدى. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، تۈركىي تىلدىكى موللۇق، نازۇكلۇق، چوڭقۇرلۇق ۋە رايىشلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەردىن كۆڭۈلدىكىدەك پايدىلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاسان

ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىي تىل توغرىسىدا بىرنەچچە ۋاراق بىرنەرسە يېزىپ، ئۇنىڭدا سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ مېھرىبانلىق ۋە ماھارەتلىرىنى تەرىپلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇزاتىنىڭ قۇتلۇق رايى بىلەن تۈزۈلگەن دىۋان بابىدا گەرچە ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتۈش لازىم تېپىلدى. بۇ ھەزرەت ئۆزىنىڭ كامال تاپقان دانالىقى ۋە تولغان بىلىمى بىلەن بۇ پەن ئەھلىگە تەلىم، كۆرسەتمىلەر بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇ ھەزرەتنىڭ مېغىزلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى ياكى ئاڭلىسىمۇ بۇيرۇلغان يوسۇن بويىچە ئەمەل قىلمىدى ياكى ئەمەل قىلالمىدى.

مەن زەئىپ بەندە ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ئاسراپ ھەم ۋاجىپ بۇيرۇقلىرىغا ئىستائەت ۋە پەرمانبەردارلىق قىلىپ، كۆڭلۈمدىن ۋە تىلىمدىن كەلگىنىچە، قەلىمىم ۋە قۇلۇم قۇۋۋىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئۇ ھەزرەتكە بەندىلىك قىلدىم ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنى بەختلىك ۋە شادىمان بىلدىم، شۇنىڭدەك ئۇ ھەزرەتنىڭ شاگىرتى بولۇش بىلەن شەرەپ، يۈكسەكلىك ۋە مەغرۇرلۇق ھېس قىلدىم.

كۆپ يىللاردىن بېرى، تۈركىي تىلنىڭ ۋە بۇ تىلدىكى شېئىرلارنىڭ قائىدە، ئۇسلۇبلىرى جەھەتتە بىلمىگەنلىرىمنى سوراپ، مۈشكۈل كەلگەن مەسىلىلەرنى ئۇ مۈشكىلات يېشىپ بەرگۈچىمىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ زور پايدا ۋە ئەتراپلىق نەتىجىلەر ھاسىل قىلدىم. ئۇ ھەزرەتنىڭ تەلىم تەربىيىسى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن ئىشىم شۇ يەرگە يەتتىكى، ئۇ ھەزرەت ئۆزىنىڭ پاك تەبئىتىدىن ھاسىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەلىمبەخش قەلىمى ۋە گۈزەل نۇتقى بىلەن يازغان رىسالىسىدە مېنىڭ نامىمنى قانداق ئۇنۋان بىلەن ئاتىغانلىقىنى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىم ئۇچۇن بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن.
مەندەك بىر بەندىنىڭ شۇ قاتارلىق كاتتا دۆلەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ "سۆزلىگۈچى" دېگەن ئىسمىغا مۇشەرەپ قىلغانلىقى سەۋەب بولسا، ئەل ئارىسىدا ئۆزەمگە ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىلگىرى ۋە يۇقىرى بولۇپ ئاتىلىشىغا ئۇ ھەزرەتنىڭ ئىنايەت ۋە غەمخورلۇقلىرى سەۋەبچى بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دىۋانلار مەسنەۋىلەر ۋە باشقا كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئالەم بىنا بولۇپ ھازىرغىچە بۇ خەلقتىن ھېچكىم يازالمىغان ۋە دۇنياغا كەلتۈرەلمىگەن ئىدى. ئۇلارنى مەن يازدىم ۋە دۇنياغا كەلتۈردۈم. مەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئىسمى بىلەن بېزىدىم. مەن بۇلارنى ئاشۇ ئىنايەتلەر مۇقابىلىسىدە تۇتۇپ، "سۆزلىگۈچى" دېگەن نامىم ئۈزرى ئۇچۇن تۈركىي ۋە پارسىيدىن ئىبارەت ئىككى تىلنىڭ سۈپىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى شەرھلەپ بۇ رىسالىنى يازدىم ۋە ئۇنىڭغا «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دەپ ئات قويدۇم. مەن بۇ رىسالىدە ئۇ ھەزرەتنىڭ تۈرك خەلقى تىلى ئارقىلىق ئەڭ چوڭقۇر ئۇقۇم ۋە ئەڭ يۈكسەك پىكىرلەرنى قانداق ئىپادە قىلغانلىقى ھەم قانداق مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنىمۇ كۆرسەتتىم.

ئۈيلايمەنكى، مەن تۈرك خەلقىنىڭ خوش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدى ۋە پارسىيگويلارنىڭ تىل جەھەتتىكى تاپا ـ تەنىلىرىدىن قۇتۇلدى. ئۇلار مېنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن بۇ يوشۇرۇن ئىلىمنى يورۇقلۇققا چىقارغانلىقىمنى بىلگەندە، ئۇلاردىن ئۈمىدىم شۇكى، پېقىرنى خەيرلىك دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويسا ۋە روھىمنى شۇ ئارقىلىق شاد قىلسا.

## رۇبائى

بۇنامەكى يازدى قەلەمىم تارتىپ تىل،
تارىخىن ئانىڭ جۇمادۇل ئەۋۋەل بىل.
كۆنىنىڭ رەقەمىنى چارشەنبە قىلغىل،
توققۇز يۈز يىلدىن ئۆتۈپ ئېردى بېش يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەتنىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە تەلەپپۇزلۇق يېزىلىشى

## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

ئەلھەمدۇ لىللاھى ئەمتازەل ئىنسانە ئەلە سائىرىل مەخلۇقاتى بىشەرەفىن نۇتقى ۋەللىسان ۋە ئەزھەرە مىن ئوزۇبەتى لىسانىھى ۋە ھەلاۋەتى بەيانىھى سۈككەرەش شۈكرى ۋە شەھدەش شۇھۇدى ۋەلئىمتىنان.

### رۇبائىي

ئەي سۆز بىلە قىلغان ئافەرىنىش ئاغاز
ئىنسانىنى ئارادا ئەيلەگەن مەھرەمى راز
چۈن كۈن فەيەكۈن سەفھەسىغە بولدى تىراز
قىلغان ئانى نۇتق ئىلە بارىدىن مۇمتاز

سۇبھاناللاھ نى قۇدرەتى كامىلەدۇركىم، ئىنسانىنى «خەممەرتۇ تىينەتە ئادەمىن بىيەدى ئەربەئىنە سەباھان» كەرىمەسى مەزمۇنى بىرلە «ئەلەمۇل ئەسمائە كۇللەھە» قابىلىييەتى بەردى ۋە ئانى «ئەل-مۇتەكەللىم» ئىسمى مەزھەرى قىلدى ۋە تا ئول بۇ مەزھەرىييەت شەرەفىدىن جەمىئ مەخلۇقاتقا سەرەفراز بولدى ۋە بۇ تەشرىف بىلە بارىسىدىن ئىمتىياز تاپتى.

رۇبائى

يەئىنكى چۇ ئالەمنى ياراتتى مەبئۇد
ئالەم ئىلگە قۇدرەت ئىلە بەردى ۋۇجۇد
ئىنسان ئىدى مەقسۇد كى بولدى مەۋجۇد
ئىنساندىن ھەم ھەببى ئىردى مەقسۇد

مۇتەكەللىمكى ئەرەب فۇسەھاسى بەلاغەت گۇلباغىن سىپىھر گۇلشەندىن ئاشۇرغاندا، ئانىڭ بۇلبۇلى نۇتقى «ئەنە ئەفساھ» تەرەننۇمى بىلە ئالارنى زەبانبەست ۋە دەئىۋالارى ئاۋازەسىن يەرگە پەست قىلدى.

رۇبائى

ئول ۋەقتكى نى ئالەم ئىدى نى ئادەم
قىلمايدۇر ئىدى بۇلارنى سۇنئ ئىلكى رەقەم
چۇن ئول ئۈزنىڭ خىلقەتىدىن ئۇردى دەم
مەنتۇقى ئىدى «كۇنتۇ نەبىييەن» فەفھەم

ۋە سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئالىھىت تەييىبىن ۋە ئەسھابىھىت تاھىرىن ۋە سەللىم تەسلىمەن كەسىرەن كەسىرەن.

تەكەللۇم ئەھلى خەرمەنىنىڭ خوشەچىنى ۋە سۆز دۇررى سەمىنى مەخزەنىنىڭ ئەمىنى ۋە نەزم گۇلىستانىنىڭ ئەندەلىبى نەغمەسەرايى يەئىنى ئەلىشىرۇل مۇتەخەللىس بىن نەۋايى (غەفەرە زۇنۇبەھۇ ۋە سەتەرە ئۇيۇبەھۇ) مۇنداق ئەرز قىلۇركىم، سۆز دۇر-رىدۇركىم، ئانىڭ دەرياسى كۆڭۈلدۇر ۋە كۆڭۈل مەزھەرىدۇركىم، جامىئى مەئانىئى جۇزۋ ۋە كۇللدۇر؛ ئانداقكى، دەريادىن گەۋھەر غەۋۋاس ۋاستەسى بىلە جىلۋە نەمايىش قىلۇر ۋە ئانىڭ قىيمەتى جەۋھەرىغە كۆرە زاھىر بولۇر. كۆڭۈلدىن داغى سۆز دۇررى نۇتق

www.uyghurkitap.com

شەرەفنغە ساھبى ئىختساس ۋەسىلەسى بلە گۇزارش ۋە ئارايش كۆرگۈزۈر ۋە ئانىڭ قيمەتى ھەم مەرتەبەسى نسبەتىغە باقا ئىنتشار ۋە ئشتھار تاپار گەۋھەر قيمەتنغە نچۈككى، مەراتب ئەسرۇ كۆپدۇر، ھەتتاكى، بر درەمدن يۈز تۈمەنگەچە دېسە بولۇر.

قتئە

ئىنجۇنى ئالسالار مۇفەررىھ ئۈچۈن
مىڭ بولۇر بر درەمغە بر مسقال
بر بولۇر ھەمكى شەھ قۇلاققە سالۇر
قيمەتى مۈلك، ئەبرەسى ئەمۋال

سۆز دۇررىنىڭ تەفاۋۇتى مۇندن داغى بغايەتىراق ۋە مەرتەبەسى مۇندن ھەم بىنھايەتراقدۇر. ئانداقكى، شەرىفىدن ئۆلگەن بەدەنغە روھى پاك يېتەر، كەسفىدن ھەياتلىق تەنغە زەھرى ھەلاك خاسىيەتى زۇھۇر ئېتەر.

قتئە

سۆز گەۋھەرىدۇركى رۇتبەسىنىڭ
شەرھىدەدۇر ئەھلى نۇتق ئاجىز
ئاندىنكى ئېرۇر خەسىس مۇھلىك
كۆرگۈزگۈچە دۇرۇر مەسە مۆئجىز

ۋە بۇ سۆزنىڭ تەنەۋۋۇئى تەئەققۇلدن نەرى ۋە تەسەۋۋۇردن تاشقارىدۇر: ئەگەر مۇبالەغەسىز ئجمال يۈزىدن قەلەم سۆرۈلسە ۋە ئىختسار جانبىدن رەقەم ئۇرۇلسە، يېتمش ئىككى نەۋئ بلە تەقسىم تاپارىدا خۇد ھىچ سۆز يوقتۇركى، يېتمش ئىككى فرقە كەلامنغە دەلالەت قىلغاي. ئەمما ئولچە تەفسىلدۇر. ئولدۇركىم، رۇبئى مەسكۇننىڭ يېتتى ئىقلىمدن ھەر ئىقلىمدا نېچچە كشۋەر

بار ۋە ھەر كىشۋەردە نېچچە شەھەر ۋە قەسەبە ۋە كەنىت ۋە ھەر دەشتىدە نېچچە خەيل-خەيل سەھرانىشىن ئۇلۇس ۋە ھەر تاغدا نېچچە تەۋايىپ بار؛ ھەر جەمائەت ئەلفازى ئۆزگەلەرىدىن ۋە ھەر گۇرۇھ ئىبارەتى يانالارىدىن مۇتەغەيىير ۋە بىرنېچچە خۇسۇسىيەت بىلە مۇتەمەييزدۇركى، ئۆزگەلەردە يوقتۇر. ئانداقكى، تۈيۈر ۋە بەھايىم ۋە سىبائىنىڭ تىللارىكىم①، ھەربىرىنىڭ ئۆزگەچە خۇرۇش ۋە تەكەللۇملەرى بار ۋە غەيرى مۇكەررەر نەۋا ۋە تەرەننۇملەرى. ئەمما چۇن ئەلفاز ۋە ئىبارەتدىن مۇراد مەئنادۇر ۋە مەزكۇر مەخلۇقاتتىن مەقسۇد ئىنساندۇر ۋە ئول مەزھەرى مەئانى ۋە بەيان؛ سۆز ئانىڭ سۆزىندەدۇر ۋە تەكەللۇم ئانىڭ كەلامىدا بارۇر.

ئېمدى كېلدۈك سۆز بەيانىغە ۋە كەلام دەستانىغە: مۇنچە مۇتەنەۋۋۇئ شەھر ۋە قۇرا ۋە جىبال ۋە سەھرا ۋە بىشە ۋە دەريا خەلقىكىم، بىتىلدى ۋە تەنەۋۋۇئ ۋە تەغەييۇرىنى شەرھ ئېتىلدىكى، مەجمۇئىدا مەئنا، ئەداسىدا ئەلفاز تىلگە كېلۇر ۋە ئول ئەلفازدىن مەئنا فەھم بولۇر. بارچەسىدىن ئەرەب تىلى فەساھەت ئايىنى بىلە مۇمتاز ۋە بەلاغەت تەزيىنى بىلە مۆئجىزەتىرازدۇركىم، ھىچ تەكەللۇم ئەھلىنىڭ مۇندا دەئۋاسى يوقتۇر ۋە سۆزى سىدق ۋە ئىشى تەسلىم ئوقدۇركىم، مەلىكى ئەللام جەللە ۋە ئەلانىڭ كەلامى مۆئجىز نىزامى ئول تىل بىلە نازىل ۋە رەسۇل ئەلەيھىس سەلاتى ۋەسسەلامىنىڭ ئەھادىسى سەئادەتئەنجامى ئول لەفز بىلە ۋارىد بولۇپتۇر ۋە ئەۋلىيايى كىبار ۋە مەشايىخى ئالىمىقدار (قەددەسەللاھۇ ئەسرارەھۇم) كۆپرەك ھەقايىق ۋە مەئارىفكى، سۇرۇپتۇرلار ۋە مەئانى

① بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتندە ”قيل لارى كيم“ يېزىلىپ قالغان.

زىبالەرىن تەقرىر لىباسىغە كىيۈرۈپدۇرلار ئۇل فەرخۇندە ئىبارەت ۋە ئۇل خۇجەستە ئەلفاز ۋە ئىشارەت بىلە ۋاقىئ بولۇپتۇر. ئاللاھ، ئاللاھ، ئۇل رەۋزەئى رۇھەفزادا نى نەزارەت ۋە ئۇل گۇلشەنى دىل ئاسادا نى نەزاھەتتۇركىم، ئانىڭ باغبانى «ۋە ئەنزەلنە مىنەل مۇئسىراتى مائەن سەجاجەن لىنۇخرىجە بىھى ھەببەن ۋە نەباتەن ۋە جەننەتىن ئەلفافەن»كەرىمەسى بىلە تەكەللۇم قىلۇر ۋە ئەندەلىبى خۇشنەۋاسى نۇبۇۋۋەت بەيانى بىلە ۋە رىسالەت نەغمە ۋە ئەلھانى بىلە سۇرۇد كۆرگۈزۈر ۋە مەزكۇر بولغان تۆيۈرىدىن بەئزى «لەۋ كۇشىفەل غىتائۇ ما ئىزدەتتۇ يەقىنەن» ئەداسى بىلە تەرەننۇم نىھايەتىغە يەتەر ۋە سايىر قۇشلارى ۋىلايەت ئىزھارى ۋە ھىدايەت ئاسارىدىن نەۋايى ئىرشاد ئايىن ۋە سەدايى رەشاد تەلقىن ئىزھار ئېتەر.

بەيىت

كى تا بولغاي جەھان باغى بۇ گۇلشەن مۇەدار ئۇلسۇن
ھەرىمىدا بۇ بۇلبۇللارغە بۇ گۇلبانگ بار ئۇلسۇن

مۇندىن سۇكرا ئۇچ نەۋئ تىلدۇركىم، ئەسل ۋە مۆئتە بەردۇر ۋە ئۇل تىللار ئىبارەتى گەۋھەرى بىلە قايىلىنىڭ ئەداسىغە زىۋەر. ۋە ھەرقايىسىنىڭ فۇرۇئى بىغايەت كۆپتۇر. ئەمما تۈركى ۋە فارىسى ۋە ھىندى ئەسل تىللارنىڭ مەنشەئىدۇركى، نۇھ پەيغەمبەر سەلەۋاتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئۇچ ئوغلىغەكىم، يافەس ۋە سام ۋە ھامدۇر يەتىشۇر ۋە بۇ مۇجمەل تەفسىلى بۇدۇركى، نوھ ئەلەيھىسسەلام تۇفان تەشۋىرىدىن نەجات ۋە ئانىڭ مەھلەكەسىدىن ھەيات تاپتى. ئالەم مەئمۇرەسىدە بەشەر جىنسىدىن ئاسار ۋە ئىنسان نەۋئىدىن نەمۇدار قالمايدۇر ئېردى. يافەسنىكى، تەۋارىخ ئەھلى «ئەبۇت

تۆرك» بىترلەر، خىتا مۆلكىگە يىبەردى. ۋە سامىنىكى «ئەبۇل فۇرس» بىترلەر، ئىران ۋە تۇران مەمالىكىنىڭ ۋەسەتىدە ۋالى قىلدى. ۋە ھامىنىكى، «ئەبۇل ھىند» دىپتۇرلەر، ھىندىستان بىلادىغە ئۇزاتتى. ۋە بۇ ئۈچ پەيغەمبەرزادە ئەۋلاد ۋە ئەتبائى مەزكۇر بولغان مەمالىكدا يايىلدىلەر ۋە قالىن بولدىلەر. ۋە يافەس ئوغلانىنىكى، «ئەبۇت تۆرك»تۇر، تارىخ ئەھلى ئىتتىفاقى بىرلە دىپتۇرلەركى، نۇبۇۋۋەت تاجى بىلە سەرەفراز ۋە رىسالەت مەنسەبى بىلە قارداشلارىدىن مۇمتاز بولدى. ۋە ئۈچ تىلكى، تۆركى ۋە فارسى ۋە ۋە ھىندى بولغاي، بۇ ئۈچەۋنىڭ ئەۋلاد ۋە ئەتبائى ئاراسىدا شايىئ بولدى.

چۇن ھام نۇھ ئەلەيھىسسەلامغە بىئەدەبلىك قىلغان جىھەتدىن ئانىڭ مۇبارەك تىلىگە ھام بارەسىدە قارغىش ئۆتۈپ ئىردى. بۇ سەبەبدىن ئانىڭ رەنگى بەيازى سەۋادغە مۇبەددەل بولۇپ، تىلى شكەستەلىك زاھىر قىلىپ، فەساھەت ۋە بەلاغەت ھىلىيەسىدىن ئارى قالدى. ۋە ئەۋلادۇ ئەتبائىكى، ھىند كىشۋەرى ئەھلى بولغايلار، لەۋنلەرى مەكتەب ئەھلى مەشقى ۋەرەقىدىك شەبەرەنگ بەلكى شەبگۇن؛ ۋە تىللارى ئەتفالنىڭ ئۈچى ئوشالغان قەلەمىدىك ئۆزگەچە ئەدا بىلە تەھرىر ۋە تەقرىر زىۋەرىدىن ئاجىز ۋە زەبۇن قالدىلەر. ئانىسىز ھەم بولماغايكىم، بىرەر ۋەرەق يۈزىنى مۇرەككەب قاراسى ئۆز يۈزلەرى سەفھەسىدىك قارا قىلماغايلار ۋە ئۆز تىللاردىك شكەستە قەلەم تىلى بىلە ئەدا ئىتمەگەيلەر. ئەمما ئول سەفھە رەقەمىن ئۆزلەرىدىن ئۆزگە كىشى بىلمەس ۋە ئول كەلاغپالارنى ئول سەۋاد ئەھلىدىن ئۆزگە بىراۋ ئوقۇماس ۋە فەھم قىلماس.

چۇن ئەرەبى تىل ۋە مەقال بىلە كەلام ۋە ھىندى ئەلفاز بىلە

مۇزەخرەفاتى نافەرجام، بىرى غايەتى شەرەف ۋە ئۇلۇۋۋى مەنزىلەدىن، بىرى نىهايەتى نۇھۇسەت ۋە دۇنۇۋۋى مەرتەبەدىن ئارادىن چىقتىلەر. قالدى تۈركى ئەلفاز بىلە مەقسۇد ئەداسى ۋە فارسى ئىبارەت بىلە كەلام مەئناسى.

ئانداق مەئلۇم بولۇركى، تۈرك سارتدىن تىز فەھمراق ۋە بۇلەند ئىدراك ۋە خىلقەتى سافراق ۋە پاكراق مەخلۇق بولۇپتۇر. ۋە سارت تۈركدىن تەئەققۇل ۋە ئىلمدە دەقىقراق ۋە كەمال ۋە فەزل فىكرەتىدە ئەمىقراق زۇھۇر قىلىپدۇر. ۋە بۇ ھال تۈركلەرنىڭ سىدق ۋە سەفا ۋە تۈز نىيىيەتىدىن ۋە سارتلارنىڭ ئىلم ۋە فۇنۇن ۋە ھىكمەتىدىن زاھىردۇرۇر. ۋە لېكىن تىللاردا كەمال ۋە نۇقسان ھەيسىيىيەتىدىن فاھىش تەفاۋۇتلەردۇركى، ئەلفاز ۋە ئىبارەت ۋەزئ قىلۇردا تۈرك سارتقە فايىق كېلىپدۇر ۋە ئۆز ئەلفازىدا ئىشارەت ئىبارەتىغە مەزىيىيەتلەر كۆرگۈزۈپتۇركى، ئۆز مەھەللىدە ئىنشا ئاللاھ مەزكۇر بولغاي.

يەنە تۈركىنىڭ مۇلايەمەتى تەبئىنىڭ سارتدىن ئارتۇغلۇغىغە دەلىلى مۇندىن ۋازىهراق ۋە شاھىدى مۇندىن لايىهراق بولائالۇرمۇكىم، بۇ ئىككى تايىفەنىڭ يىگىتى ۋە قەرىسى بەلكى ئۇلۇقدىن كىچىك بارىسى ئاراسىدا ئىختىلات ئەلەسسەۋىيىيەدۇر. ھەر مىقداركى، بۇ بىرىنىڭ ئۇل بىرى بىلە ئامىزىش ۋە گۇفتۇگۇزارى بار، ئۇل بىرىنىڭ ھەم بۇ بىر بىلە ھەمانچە تەكەللۇم ۋە گۇفتارى بار. ۋە سارت ئاراسىدا ئەھلى تەبئ ۋە دانىش ۋە زۇمرەئى ئىلم ۋە زىهن ۋە بىنىش كۆپرەكدۇر. تۈرك ئىلىدە ئەجلاف ۋە سادە ئېل سارتدىن زىيادەدۇر. ئەمما تۈركنىڭ ئۇلۇغدىن كىچىككە دېگىنچە ۋە نەۋكەردىن بېگگە دېگىنچە سارت تىلىدىن بەھرەمەنددۇرلەر. ئانداقكىم،

ئۆز خورد ئەھۋالىغە كۆرە ئەيتائالۇرلەر، بەلكى بەئزى فەساھەت ۋە بەلاغەت بىلە ھەم تەكەللۇم قىلۇرلەر. ھەتتا تۈرك شۇئەراسىكىم، فارىسى تىل بىلە رەنگىن ئەشئار ۋە شىرىن گۇفتار زاھىر قىلۇرلەر. ئەمما سارت ئۇلۇسىنىڭ ئەرزالىدىن ئەشرافىغەچە ۋە ئاممىسىدىن دانىشمەندىغەچە ھىچقايسى تۈرك تىلى بىلە تەكەللۇم قىلائالماسلەر ۋە تەكەللۇم قىلغاننىڭ مەئناسىن ھەم بىلمەسلەر. ئەگەر يۈزدىن بەلكى مىڭدىن بىرى بۇ تىلنى ئۆرگەنىپ سۆز ئەيتسە ھەم ھەركىشى ئىشتىسە بىلۇر ۋە ئانىڭ سارت ئىكەنىن فەھم قىلۇر ۋە ئول مۇتەكەللىم ئۆز تىلى بىلە ئۆز رەسۋالىغىغە ئۆزى ئىقرار قىلغاندىكدۇر. تۈركنىڭ ئەسلى خىلقەتدە سارتدىن تەبئى مۇلايىمراق ئىركەنگە مۇندىن بۇلئەجەبراق تانۇغ يوقتۇركى، ھىچقايسى مۇنۇڭ مۇقابەلەسىدە دەم ئۇرائالماسلەر ۋە سارت بىئەجەمەئىھىم ئەگەر تۈرك ئىبارەتى ئەداسىدا ئاجىزدۇر موھىق ھەم بار. نىيۇچۇنكى تۈرك ئەلفازى ۋازىئى ئەسرۇ كۆپ ۋەقتدە مۇبالەغە ئىزھارى قىلىپ، جۇزۋى مەفھۇمات ئۈچۈن ئەلفاز ۋەزئ قىلىپدۇركى، ساھىبۋۇقۇف كىشى تا زاھىر قىلماس، ئىنانىسە ھەم بولماس.

ئانداقكى:

قوۋارماق ۋە قۇرۇقشاماق ۋە ئۇشەرمەك ۋە جىجايماق ۋە ئۆگدەيمەك ۋە چىكرىمەك ۋە دومسايماق ۋە ئۇمۇنماق ۋە ئوسانماق ۋە ئىگىرمەك ۋە ئىگەرمەك ۋە ئۆخرەنمەك ۋە تارىقماق ۋە ئالداماق ۋە ئارغاداماق ۋە ئىشەنمەك ۋە ئىگلەنمەك ۋە ئايلانماق ۋە ئىگرەنمەك ۋە ئاۋۇنماق ۋە قىستاماق ۋە قىيناماق ۋە قوزغالماق ۋە ساۋرۇلماق ۋە چايقالماق ۋە دىۋدەشمەك ۋە قىيمانماق ۋە قىزغانماق ۋە نىكەمەك ۋە سىيلانماق ۋە تانلاماق ۋە قىمىرداماق ۋە سىرپىمەك ۋە

www.uyghurkitap.com

سرمەمەك ۋە كنەرگەمەك ۋە سغردقماق ۋە سغنماق ۋە قىلماق ۋە يالىنماق ۋە مۆكلانماق ۋە ئنندەمەك ۋە تېرگەمەك ۋە تېۆرەمەك ۋە قىڭغايماق ۋە شغەلداماق ۋە سكرەمەك ۋە ياشقاماق ۋە ئېسقارماق ۋە كۆكرەنمەك ۋە سوخرانماق ۋە سپاماق ۋە قارالاماق ۋە سۆركەن-مەك ۋە كۆيمەنمەك ۋە ئنگرانماق ۋە تۆشەلمەك ۋە مۆنغايماق ۋە تانچقالماق ۋە كۆرۆكسەمەك ۋە بۆشۆرغانماق ۋە بۆخساماق ۋە كىركنمەك ۋە سۆگەدەمەك، بۆسماق، بۆرمەك، تۆرمەك، تامشماق، قاهاماق، سپقارماق، چېچەركەمەك، چۆركەنمەك، ئۆرتەنمەك، سزغۆرماق، گۆرپەكلەشمەك، چوپرۆتماق، جىرغاماق، بېچماق، قىڭزانماق، سكۆرمەك، كۆندەلەتمەك، كۆمۆرمەك، بېكسرمەك، گۆگۆردەمەك، كېنەرگەمەك، گېزەرمەك، دوپتولماق، چېداماق، تۆزمەك، قازغانماق، قىچقلاماق، كەگرەمەك، ياداماق، قاداماق، چقانماق، كۆندۆرمەك، سۆندۆرمەك، سۆقلاتماق.

بۆ يۆز لەفزدۆركى، غەرب مەقاسد ئەداسدا تەئين قىلپدۆر-لەركى، هېچقايسى ئۆچۆن سارت تلدا لەفز ياسمايدۆرلەركى، بارچەسى مۆهتاجۆن ئلەيهدۆركى، تەكەللۆم چاغدا كشى ئاڭا مۆهتاج بولۆر. كۆپى ئانداقدۆركى، ئەسلا ئانڭ مەزمۆنن تەفهم قلماق بولماس ۋە بەئزننكى، ئاڭلاتسە بولغاي، هەر لەفز تەفهمى ئۆچۆن نېچچە لەفزنى تەركب قلماغۆنچە بولماس، ئول داغى ئەرەبى ئەلفاز مەدەدى بلە. ۋە تۆرك ئەلفازدا بۆ نەۋئ لەفز كۆپ تاپلۆر. مەسەلەن، بۆ مەزكۆر بولغان يۆز لەفزدن برنېچچەگە مەشغۆللۆق قلپ سابت قلالى، تا خەسم مۆقابەلەدە ئلزام بولسۆنكى، ئۆزگەلەرنى مۆڭا قياس قلسۆن.

شۆ ئەرا ئەكابردنكى بەئزى مەي تەئرفدە مۆبالەغە قلپ-

دۇرلەر ۋە بۇ مۇئتەددۇن بىھى ئەمرىدۇركى، مەي ئىچـمەك قەۋائىـ
دىدا سۆز كۆپ سۇرۇپ، زەرافەت نىھايەتسىز زاھىر قىلۇرلەر: بىرى
«سىپقارماق» لەفزىدۇركـى، مۇبالەغـە مۇنـدىن ئۆتـمەس. تۈركچە
نەزمدە بۇ مەتلەئ باردۇركىم:

بەيت

ساقىيا تۇت بادەكىم بىر لەھزە ئۆزۈمدىن باراي
شەرت بۇكـم ھەر نىچـچە تۇتـساڭ لەبالەب سىپـقاراي

ئايا بۇ«سىپقاراي» لەفزى مەزمۇنىغە يىتكەندە، فارسى شىئىردا
نى ئىلاج قىلغايـلەر؟ ۋە «تامشـماق»كـى، غايەتى زەۋقـدىن پات
ئىچـمەس ۋە لەززەت تاپا ـ تاپا، ئاز ـ ئاز ئىچەر. بۇ غەريـب مەئنا
ئەداسىدا تۈركچەدە بۇ مەتلەئ باركىم:

بەيت

ساقى چۇ ئىچىپ مەگا تۇتار قوش
تامشى ـ تامشى ئانى قىلاي نوش

ۋە «بۇخـساماق» لەفـزى ئەداسـدا تـۈرك بۇ مەتـلەئـنى
دىپدۇركى:

بەيت

ھەجرى ئەندۇھىدا بۇخساپمىن بىلەئالمان نىتەي
مەي ئىلاجىمدۇر قوپۇپ دەيرى فەناغـە ئەزم ئىـتەي

فارسگوي تۈرك بىگلەر ۋە مىـرزادەلەر «بۇخساماق»نى فارىـسى
تىل بىلەن تىلەسەلەركى، ئەدا قىلغايلەر؟ ۋە شىئىرنىڭ بىنا ۋە مەدارى
ئىشققە ئىبۇرۇلۇر ۋە ئاشقلىقدا يىغلاماقدىن كۆلـرەك ۋە دايىمرەك
ئەمر يوقتۇر ۋە ئاندا تەنەۋۋۇئ بار «يىغلامسىنماق» مەزمۇنـداكى،
تۈرك مۇنداق دىپدۇركى:

بەيت

زاھىد ئىشقىن دېسەكى قىلغاي فاش
يىغلامسۇرۇ كۆزگە كېلمەس ياش

ۋە «ئىگرەمەك» ۋە «سىگرەمەك» كىم، دەرد بىلە ياشۇرۇن ئاھستە يىغلاماقدۇر ۋە ئارالارىندا تەفاۋۇت ئاز تاپىلۇر. تۈركچەدە بۇ مەتلەئ باركىم:

بەيت

ئىستەسەم دەۋر ئەھلىدىن ئىشقىڭنى پىنھان ئەيلەمەك
كېچەلەر گاھ ئىگرەمەكدۇر ئادەتىم گاھ سىگرەمەك

فارسىدا بۇ مەزمۇنكى بولماغاي، شائىر نى چارە قىلغاي؟ ۋە «سىقتاماق» كىم، يىغلاماقتە مۇبالەغەدۇر. تۈرك بۇ نەۋئ ئەدا قىلىپدۇركى:

بەيت

ئول ئايكى كۈلە-كۈلە قىراغلاتتى مېنى
يىغلاتتى مېنى دېمەيكى سىقتاتتى مېنى

يەنە بىيىك ئۈن بىلەكى، ئىئتىدالسىز ئاشۇب بىلە يىغلاغايلەر، ئانى «ئۆكۈرمەك» دېرلەر ۋە تۈركچەدە ئول مەئنادا بۇ مەتلەئ باركىم:

بەيت

ئىشىم تاغ ئۈزرە ھەريان ئەشك سېيلابىنى سۈرمەكدۇر
فىراق ئاشۇبىدىن ھەردەم بۇلۇت يەڭلىغ ئۆكۈرمەكدۇر

چۈن «ئۆكۈرمەك» مۇقابەلەسىدە فارسى تىلدا لەفز يوقتۇر، فارسگوي شائىر مۇنۇڭدېك غەرىب مەزمۇن ئەداسىدىن مەھرۇمدۇر. يانا يىغلاماقنىڭ ئۆكۈرمەكى مۇقابەلەسىدە «ئىنچكىرمەك»

داغى بار ۋە ئۇل ئىنچكە ئۇن بىلە يىغلاماقىدۇر ۋە ئۇل تۈرك لەفزىدە بۇ نەۋئ تەركىب بىلە ئەدا تاپىپدۇرۇركىم:

بەيت

چەرخ زۇلمىداكى، بوغزۇمنى قىرىپ يىغلارمىن،
ئىگرۇر چەرخ ئۇررۇر ئىنچكىرىپ يىغلارمىن.

ئەمما يىغلاماقتە «هاي-هاي» لەفزىن ئەدادا ئۆزلەرىن تۈركگويلەرگە شىرىك قىلىپدۇرلەر ۋە بۇ لەفز هەم ئەسلەن تۈركى ئۇسلۇبدۇر ۋە فەقىرنىڭ بۇ مەقتەئى مەشهۇردۇركىم:

بەيت

نەۋايى ئۇل گۈل ئۈچۈن هاي-هاي يىغلامە كۆپ،
كى هەي دېگۈنچە نى گۈلبۇن نى غۇنچە نى گۈل بار.

يانا تۈرك ئەلفازىدا «قىمسانماق» ۋە «قىزغانماق» ئىككى غەرىب لەفزدۇركى، ئانىڭ ئەداسى بۇ بەيتدە باركى:

ئىزارىڭنى ئاچارغە قىمسانۇرمىن
ۋەلى ئېل كۆرمەككە قىزغانۇرمىن

فارسگوي شۇئەرا مۇنداق خوب مەزمۇن ئەداسىدىن مەهجۇردۇرلەر. ئاشىق ئاياغىغە تىكەن كىرمەككە ئالار «خار» لەفزى بىلە تەئەررۇز قىلىپدۇرلەر، ئەمما «چۆكۈر»كى، مۇئلىمراقدۇر، بۇ لەفزلەرى يوقتۇر ۋە بۇ تۈركچەدە مۇنداق ئەدا تاپىپدۇركىم:

بەيت

چۆكۈرلەركىم، سېنىڭ يولۇڭدا تېۋرەلمىش ئاياغىمغە،
چېكىپ ئۇل كويى گەردىن سۈرمە تارتارمىن قاراغىمغە.

يانا ئىشق تەرىقدە مەهبۇب نەزارەسى مۇيەسسەر بولسە، ئاشىقنىڭ نىياز يۈزىدىن تېلمۈرمەكى ئەسرۇ مۇناسىب ئىشدۇر ۋە بۇ

لەفز ئالاردا يوقتۇر ۋە مۇنۇڭدىك لەفزلەرى ھەم يوقتۇر. ۋە بۇ تۈركچەدە مۇنداق دېيىلىپدۇركى:

بەيت

تۆكەدۇر قانىمنى ھەردەم كۆزلەرىڭ باقىپ تۇرۇپ

كىم، نېچە يۈزۈمگە باققايسىن يىراقدىن تېلمۇرۇپ.

يانا تۈرك لەفزىنىڭ مەھبۇب جانىبىدىن «ياسانماغى» مۇقابەلەسىدە سارت لەفزىدە «ئارەستە» ۋە «ئارايىش» لەفزى بار، ئەمما «بىزەنمەك» مۇقابەلەسىدە دېمەيدۇرلەر ۋە ئۇل ياسانماغىنىڭ مۇبالەغەسىدۇر ۋە ئانى مۇنداق دېپدۇرلەركىم:

بەيت

ئېرۇر بەس چۇ ھۆسنۇ مەلاھەت سەڭا

ياسانماق، بىزەنمەك نى ھاجەت سەڭا

ۋە خوبلارنىڭ كۆز ۋە قاشلارى ئاراسىنكى «قاباغ» دېرلەر. فارسىدا بۇ ئۈزۈنىڭ ئاتى يوقتۇر. مەسنەۋىدە بىر جەمائەتى خوب تەئرىفىدە مۇنداق دېيىلىپدۇركى:

بەيت

مېڭىزلەرى گۈل-گۈل مۇژەلەرى خار

قاباغلارى كېلىك-كېلىك ئاغىزلارى تار

يانا ئىشق ئەتۋارىداكىم، ئەشك ۋە يىغلاماق مۇقابەلەسىدە «ئاھ» ۋە «ئىسسىغ دەم» ئۇمدەدۇر. تۈركلەر «دەم»نى «چاقىن»غە ۋە «ئاھ»نى «ئىلدىرىم»غە نىسبەت بېرىپ دېپدۇرلەركىم:

بەيت

فىراقىڭ ئېچرە ئۇلۇس ئۆرتەمەككە، ئى ماھىم،

چاقىندۇرۇر دەمىمۇ ئىلدىرىمدۇرۇر ئاھىم.

سارت تىلىدا «چاقىن» ۋە «ئىلدىرىم»دېك مۇتەئەييەن ۋە مۆئتەبەر ئىككى نېمەگە ئات قويمايدۇرلەر ۋە ئەرەب تىلى بىلە «بەرق» ۋە «سائىقە» بىلە ئەدا قىلىپدۇرلەر. ۋە ھۆسن تەئرىفىدە ئۇلۇغراق خالغاكىم، تۈركلەر «مېڭ» ئات قويۇپتۇرلەر. ئالار ئات قويمايدۇرلەر. تۈرك بۇ تەئرىفنى بۇ نەۋئ ئەدا قىلىپدۇركىم:

بەيت

ئانىڭكىم ئال ئېڭىندە مېڭ ياراتتى،
بويى بىرلە ساچىنى تېڭ ياراتتى.

ئەگەر بىرىن-بىرىن ئەلفاز ۋەزئىدەكىم، ئالار تەقسىر قىلىپ- دۇرلەر، تەئەررۇز قىلىلسا سۆز ئۇزار، نىيۇچۇنكى كۆپ ۋاقىئدۇر. يانا شىئىردا بارچە تەبئ ئەھلى قاشىدا رەۋشەن ۋە مەجمۇئ فۇسەھا ئالىدا مۇبەرھەندۇركى، «تەجنىس» ۋە «ئىيھام» بىغايەت كۇللىدۇر ۋە بۇ فەرخۇندە ئىبارەت ۋە خۇجەستە ئەلفاز ۋە ئىشارەتدە فارسى- دىن كۆپرەك تەجنىسئامىز لەفز ۋە ئىيھامئەنگىز نۇكتە باركى، نەزمغە مۇجىبى زىيب ۋە زىينەت ۋە بائىسى تەكەللۇف ۋە سەنئەت- دۇر. مەسەلەن، «ئات» لەفزىكى، بىر مەئناسى «ئەلەم»دۇر؛ يانا بىر مەئناسى «مەركەب»دۇر؛ ۋە يانا بىر مەئناسى «ئەمر»دۇركى، تاشنى يا ئوقنى «ئات» دېپ بۇيۇرغايلار. بۇ تەجنىسدە مۇنداق دېيىلىپدۇركىم:

نەزم

چۇن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ، بېگىم
سۇرئەت ئىچرە دېۋ ئېرۇر ئاتىڭ، بېگىم
ھەر خەدەنگىكىم، ئولۇس ئاندىن قاچار
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ، بېگىم

ۋە بۇ ئىككى بەيتكى، تەجنىسى تەمدۇر ھەم تۈرك شۇئەراسى خاسسەسىدۇركى، سارتىدا يوقتۇر، ۋە مۇنى «تۇيۇغ» دىرلەر ۋە مۇنۇڭ تەئرىفىن «مىزانۇل ئەۋزان» ئاتلىغ ئارۇزكى، بىتىلىپدۇر، ئاندا قىلىلىپدۇر. يانا «ئىت» لەفزى ۋە ئاندا داغى بۇ نەۋئ ئۈچ مەئنا بار. ئانداقكى:

بەيت

ئى رەقىب، ئۆزنى ئاڭا تۇتساڭ ھەم ئىت
بىزگە رەھم ئەيلەپ ئانىڭ كويىدىن ئىت
گەرچە بار دەۋزەخچە ئىشقىڭ شۇئلەسى
بىزنى ئۆز ئىلكىڭ بىلە ئول سارى ئىت

ۋە «تۈش» لەفزىدە ھەم بۇ نەۋئ ئۈچ مەئنا بار ۋە يانا «يان» لەفزىدە ۋە «ياق» لەفزىدە ھەم بۇ ھالدۇر. ۋە بۇ نەۋئ لەفزكى، ئاندا ئۈچ مەئنا بولغاي ھەددۇ ھەسردىن كۆپرەك تاپىلۇر. ۋە خىلى لەفز ھەم تاپىلۇركى، تۆرت مەئناسى بولغاي. ئانداقكى، «بار» لەفزىكى، بىر مەئناسى «مەۋجۇدلۇغ» دۇر؛ ۋە بىر مەئناسى «ئەمر» دۇر بارۇغە؛ ۋە بىر مەئناسى «يۈك» دۇر؛ ۋە بىر مەئناسى «سەمەر» دۇر. ۋە ئانداق لەفز ھەم تاپىلۇركىم، بىش مەئناسى بولغاي: «ساغىن» لەفزىدىككى، بىر مەئناسى ياد قىلماققە ئەمردۇر؛ ۋە بىرى سۈتلۈك قوي ئاتىدۇر؛ ۋە ئىشق مەستى ۋە مەجنۇنى ۋە بىمارى مۇقابەلەسىدە «ساغىن» دىسە، ھەربىرىگە ئىتلاق قىلسا بولۇر.

يانا ئانداقكى، «تۈز» لەفزىكى، نىچچە مەئنا ئىرادە قىلسا بولۇر: بىرى «تۈز»كى، ئوق يا نەيزەدىك نىمەنى دىرلەر؛ يانا «تۈز» ــ ھەمۋار دەشتنى دىرلەر؛ يانا «تۈز» ــ راست كىشنى دىر-لەر؛ يانا «تۈز» ــ سازنى تۈزمەككە ئەمر قىلماغىنى؛ يانا «تۈز» ــ

ئىككى كىشى ئاراسىدا مۇۋافەقەت سالماغىنى؛ يانا «تۇز» — بىر مەجلىس ئەسبابىنى ھەم دېسە بولۇر.

ۋە «كۆك» لەفزىن ھەم نېچچە مەئنا بىلە ئىستىئمال قىلۇرلەر: بىرى «كۆك» — ئاسماننى دېرلەر؛ يانا «كۆك» — ئاھەڭدۇر؛ يانا «كۆك» — تىكەردە كۆكلەمەكدۇر؛ يانا «كۆك» — قاداغىنى ھەم دېرلەر؛ يانا «كۆك» — سەبزە ۋە ئۆلەڭنى داغى دېرلەر. بۇ نەۋئ ئەلفاز ھەمكى، ئۈچ مەئنا ۋە تۆرت مەئنا ۋە ئارتۇغراقكىم، ئىرادە قىلسا بولغاي كۆپ باركى، فارسى ئەلفازدا ئانداق يوقتۇر.

ۋە مەئرۇف ۋە مەجھۇل قافىيەدە «ۋاۋى»، «يايى» ھەمكى، فارسى ئەشئاردا ۋاقىئ بولۇر، ئىككى ھەرەكەتدىن ئارتۇق بولماس. «ۋاۋى» ئانداقكى، «خود» ۋە «دۇد» ۋە «زور» ۋە «تۇر»؛ «يايى» ئانداقكى، «بىر» ۋە «شىر». ۋە تۈركى ئەلفازدا بۇ مەئرۇف مەجھۇل ھەرەكەت تۆرت نەۋئ تاپىلۇر، ھەم «ۋاۋى» ۋە ھەم «يايى»سى. «ۋاۋى»سى ئانداقكى:

«ئوت»كى، شەيئى مۇھرىقدۇر؛

ۋە «ئۆت» — مۇرۇر مەئناسى بىلە؛

ۋە «ئۇت» — مۇقمىرغە بورد جىھەتىدىن ئەمر؛

ۋە «ئۈت» كى، بارىدىن ئىرىق ھەرەكەتدۇر، كەللەنى ئوتقە تۇتۇپ تۈكىن ئارىتۇر مەئنادادۇر. يەنە بىر مىسال:

«تور»كى، دامدۇر؛

يانا «تۇر»كى، ئاندىن دەقىقراقدۇركى، قۇش ئولتۇرىدىغان يىغاچدۇر؛

ۋە «تۆر»كى، ئاندىن دەقىقراقدۇر، ئۆينىڭ تۆرىدۇر؛

ۋە «تۈر»كى، بارچەدىن ئىرىقدۇر، تورلۇغىنى يا ئىشكنى تۈر-

مەك ئەمرىدۇر①. ۋە «يايى» مىسال ئۈچ ھەرەكەتتىن ئارتۇق تاپىلماس.

«بىز»كى، سارت «قودۇد» دىر؛
ۋە «بىز»كى، «ما» ۋە «نەھنۇ» مەئناسى بىلەدۇر؛
ۋە «بىز»كى، دەرەفش دىرلەر.

يانا بىر مىسال:

«تىر»كى، «تىرمەك» مەئناسى بىلەدۇر؛

ۋە «تىر»كى، ئاندىن دەقىقدۇر، ئولدۇركى، سارتلار ئانى «ئەرەق» ۋە «خوي» دىرلەر؛

ۋە «تىر»كى، باردىن ئىرىقدۇر، «ئوق» مەئناسى بىلەدۇر. ۋە بۇ نەۋئ ئەلفاز كۆپ ئۈچ ھەرەكەت بىلە ۋەزئ قىلىپدۇرلەركى، ھالا شايىئدۇر.

ۋە نىچچە ھۇرۇفقە ئىبارەت ۋۇسئەتى ئۈچۈن بەلكى قافىيە سۇھۇلەتى ئۈچۈن بىر-بىرىگە شىركەت بېرىپدۇرلەر. ئول جۇملەدىن بىرى «ئەلىف» بىلە «ھا» ئاراسىدا مۇناسەبەت ۋە مۇشارەكەت بېرىپ-دۇرلەكى، بىر لەفزنى ھەم ئاخىرى «ئەلىف» لەفز بىلە قافىيە قىلسا بولۇر، ئانداقكى، «ئەرا» لەفزىن «سەرا» ۋە «دەرا» بىلە قافىيە بولۇر، «سەرە» ۋە «دەرە» بىلە ھەم قافىيە قىلسە بولۇر.

يانا بىر مىسال: ئانداقكى، «يادا» لەفزىن «سەدا» بىلە قافىيە قىلسا بولۇر، «بادە» بىلە ھەم قىلسا بولۇر. ۋە «ۋاۋ» بىلە «زەممە» ئاراسىدا ھەم ئول نەۋئ شىركەتدۇر. ئانداقكى، «ئىرۇر» لەفزىن «ھۆر»، «دۇر» لەفزى بىلە قافىيە قىلسا بولۇر، «غۇرۇر»، ۋە

---

① بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتندە "اوى دور" يېزىلىپ قالغان.

«زەرۇر» لەفزى بىلە ھەم جايىزدۇر.

ۋە «يا» بىلە «كەسرە» ئاراسىدا داغى بۇ نەۋئىدۇر. ئانداقكى، «ئاغىر» بىلە «باغىر» ئەلفازىن «سادىر» ۋە «قادىر» ئەلفازى بىلە قافىيە قىلسا بولۇر: «بولۇر؛ «تەئخىر» ۋە «تەغيىر» ئەلفازى بىلە ھەم بولۇركى، فارسى ئەلفازدا بۇ سۇھۇلەتلەر يوقتۇر.

ۋە بۇ ئەلفاز ۋازىئلارى كۆپ نېمەدە جۇزئىياتقە تەئەررۇز قىلىپ، غەرىب مەزمۇن ۋە مەفھۇملار ئۈچۈن ئەلفاز ۋەزئ قىلىپدۇر- لەر. ئانداقكى، بەئزى مەسادىردا ئۆتتى. يانا غىزا ۋە ھەر تەئامكى، يېسە بولۇر، «يېگۈلۈك» دېرلەر ۋە سارت ئىبلىنىڭ كۆپى، بەلكى بارچەسى يېمەكنى ھەم ۋە ئىچمەكنى ھەم «خوردەنى» لەفزى بىلە ئەدا قىلۇرلەر.

ۋە ئۇلۇق قارداش ۋە كىچىك قارداشنى ئىككەلەسىن «بەرادەر» دېرلەر. ۋە تۈركلەر ئۇلۇغنى «ئاغا» ۋە كىچىكنى «ئىنى» دېرلەر؛ ۋە ئالار ئۇلۇغ، كىچىك قىز قارداشنى ھەم «خاھەر» دېرلەر. ۋە بۇلار ئۇلۇغنى «ئىگەچى» ۋە كىچىكنى «سىڭىل» دېرلەر. ۋە بۇلار ئاتا- نىڭ ئاغا، ئىنىسىنى «ئاپاغا» دېرلەر ۋە ئانانىڭ ئاغا، ئىنىسىنى «تاغايى». ۋە ئالار ھېچ قايسىغا ئات تەئيىن قىلمايدۇرلەر ۋە ئەرەب تىلى بىلە «ئامم» ۋە «خال» دېرلەر. ۋە «كوكەلتاش»نى تۈركچە تىل بىلە دېرلەر. ۋە «ئەتەكە» ۋە «ئىنگە»نى ھەم بۇ تىل بىلە ئەيتۇرلەر.

بىر مۇتەئەييىن نېمەكىم، «ئاق ئۆي» دۇر، ئاڭا «خەرگاھ» ئات قويۇپتۇرلەر. ئەمما ئانىڭ ئەجزاسىنىڭ كۆپىنى تۈرك تىلى بىلە ئەيتۇرلەر. ئانداقكى، «تۈڭلۈك» ۋە «ئۈزۈك» ۋە «تورلۇغ» ۋە «باسرۇغ» ۋە «چىغ» ۋە «قەنات» ۋە «كۆزنەك» ۋە «ئۇغ» ۋە

www.uyghurkitap.com

«باغىش» ۋە «بۇساغا» ۋە «ئىركەنە» ۋە ئالاھەزەل قىياس.

ۋە «ئاۋ» ۋە «قۇش» كى، سەلاتىن ئاداب ۋە رۇسۇمىدا ھەر قايسى باشقا مۇتەئەييىن ئىشتۇر؛ ئىككەلەسىن «شىكار» دېرلەر؛ ۋە ئاۋدا ئۇمدەكى كىيىكدۇر؛ تۈرك ئانىڭ ئېركەكىن① «ھۇنە»ۋە تىشىسىن «قۇلچاقچى» دېر. يانا سۇيقۇننىڭ ھەم ئېركەكىن② «بۇغۇ» ۋە تىشىسىن «مارال» دېر. سارت «ئاھۇ» ۋە «گەۋەزەن» دىن ئۆزگە نېمە دېمەس. ۋە بىر شور ۋە شىينلىغ ئاۋكى، تونگۇز ئاۋىدۇر؛ ئانىڭ ھەم ئېركەكىنى «قابان»، تىشىسىنى «مېكىچىن» ۋە ئۇششاغىن «چۆرپە» دېرلەر. ۋە سارت بارچەسىن «خوك» ۋە «گوراز» لەفزى بىلە ئەيتۇر.

ۋە كېلدۈك قۇشقەكى، ئاندا مۇقەررەر ۋە مەشھۇر ئىلباسۇن ئۆردەكدۇر. ۋە سارت ئېل ئىلباسۇننى خۇد بىلمەس. تاغى تۈرك ئۆردەكنىڭ ئېركەكىن③ «سۇنە» ۋە تىشىسىن «بۇرچىن» دېر. ۋە سارت مۇڭا ھەم ئات قويىمايدۇر. ۋە نەر ۋە مادە ئىككەلەسىن «مۇرغابى» دېر. ۋە ئۆردەكنىڭ ئەنۋائى بىلۇر قۇشچىلار قاشىدا، مەسەلەن، «جۆركە» ۋە «ئېركە سوقتۇر» ۋە «ئالمە باش» ۋە «چاقىر قانات» ۋە «تېمۇر قانات» ۋە «ئەلدەلدەغە» ۋە «ئالەپەكە» ۋە «باغچال» ۋە بۇ يۇسۇنلۇق دېرلەركى، يېتمىش نەۋئ بولۇركىم، سارت بارىسىن «مۇرغابى» ئۇق دېر، ۋە ئەگەر بىر-بىرىدىن مۇتەمەييىز قىلسا تۈركچە ئات بىلە ئۇق ئەيتۇر.

يانا ئات ئەنۋائىداكى، «توبۇچاق» ۋە «ئارغۇماق» ۋە «يەكە»

---

①②③ بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتندە "ايركانين" يېزىلىپ قالغان.

ۋە «يابۇ» ۋە «تاتۇ» يوسۇنلۇق بارىنى تۈركچە ئوق ئەيتۇرلەر. ۋە ئاتنىڭ ياشىن داغى كۆپرەكىن تۈركچە ئەيتۇرلەر. بىر «قۇلۇن»نى «كۇررە» دېرلەر، ئۆزگە «تاي» ۋە «غۇنان» ۋە «دۆنەن» ۋە «تولان» ۋە «چىرغا» ۋە «لانغە» دېگۈنچە فەسىھراقلارى تۈركچە دېرلەر ۋە كۆپرەكى مۇنى ھەم بىلمەسلەر. ۋە ئاتنىڭ ئىيەرىن ئەگەرچە «زىين» دېرلەر، ئەمما كۆپرەك ئەجزاسىن، مىسلى «جىبىلكەر» ۋە «ھەنا» ۋە «توقۇم» ۋە «جارلىغ» ۋە «ئۇلارچاغ» ۋە «غانجۇغا» ۋە «چىلبۇر» ۋە «قۇشقۇن» ۋە «قانتار» ۋە «تۆفەك» ۋە «توقە» يۇسۇنلۇق كۆپىن تۈركچە ئەيتۇرلەر.

ۋە قامچىنى ئەگەر «تازيانە» دېرلەر، ئەمما «بۆلدۈرگە»سىن ۋە «چوپچورغە»سىن تۈركچە ئەيتۇرلەر. ۋە «جىبە» ۋە «جەۋشەن» ۋە «كۆھە» ۋە «قالقاندۇرۇق» ۋە «قاربىچى» ۋە «كىجىم» ۋە «ئاھە» يۇسۇنلۇق ئۇرۇش ئەسبابىن ھەم تۈرك تىلى بىلە ئەيتۇرلەر. ۋە مەئھۇدى ئەلبىسەدىن، مىسلى «دەستار» ۋە «قالپاق» ۋە «نەۋرۇزى» ۋە «تۆپى» ۋە «شىرداغ» ۋە «دەكلە» ۋە «يەلەك» ۋە «ياغلىغ» ۋە «تېرلىك» ۋە «قۇر» يۇسۇنلۇق نېمەلەرنى بارىسىن تۈرك تىلى بىلە ئەيتۇرلەر.

يېگۈلۈكلەردىن ئەگەرچە قوي مۇچەلەردىن بەئزىغە ئات قويۇپتۇرلەر، ئەمما «ئارقە» نى ۋە «ئاشۇغلۇغ ئىلىك»نى ۋە «يان سۆڭەك»نى ۋە «قابۇرغە»نى ۋە «ئىگىك»نى ۋە «بوغۇزلاغۇ»نى تۈركچە ئەيتۇرلەر. ۋە يانا بەئزى يېمەكلەردىن «قايماغ» ۋە «قاتلامە» ۋە «بۇلاماغ» ۋە «قۇرۇت» ۋە «ئولابە» ۋە «مانتۇ» ۋە «قۇيماغ» ۋە «ئۆركەمەچ»نى ھەم تۈركچە ئەيتۇرلەر؛ ۋە «قىمىز»نى ۋە «سۇرمە»نى ۋە «باخسۇم»نى ۋە «بوزە»نى داغى تۈركچە

www.uyghurkitap.com

ئەيتۇرلەر؛ يانا «تۇتماچ» ۋە «ئۇماچ» ۋە «كۆمەچ» ۋە «تالغان»نى ھەم تۈركچە ئەيتۇرلەر. ۋە بۇ نەۋئ جۇزئىيياتقە مەشغۇللۇق قىلسا بىغايەت كۆپ تاپلۇر.

ئەمما كۇللىرەك كەلىماتنى ئەدا قىلالى: ئەرەب تىلىنىڭ سەرفى ئىستىلاھىنىڭ ئەبۋابىدا بىر بابدۇركى، ئاڭا «مۇفائەلە بابى» ئات قويۇپتۇرلەركى، لەفز بىر مەزكۇر بولۇر، ئەمما ئىككى فىئلغە مۇشتەمىلدۇركى، بىر نەۋئ ۋاقىئ بولغاي. ئانداقكى «مۇئارەزە» ۋە «مۇقابەلە» ۋە «مۇشائەرە» ۋە «مۇكالەمە» ۋە كۇللى بابدۇر. مۇندا ئەزىم فەۋايىد ھاسىل. ۋە فارسگويلار مۇنچە فەساھەت ۋە بەلاغەت دەئۋاسى بىلە بۇ فايىدەدىن مەھرۇم. ئەمما تۈرك بۇلەغاسى بۇ فايىدەغە تەئەررۇز قىلىپدۇرلەر ۋە مەسدەرغە بىر «شىن» ھەرفى ئىلھاق قىلىنماق بىلە ئول مەقسۇدنى تاپىپدۇرلەر. ئانداقكى، «چاپىشماق» ۋە «تاپىشماق»ۋە «قۇچۇشماق» ۋە «ئۆپۈشمەك»، ۋە بۇ شايىئ لەفزدۇر. بۇ لەفز ۋازىئى ئەزىزلارغە جايى تەسلىم ۋە تەھسىندۇركى، بىغايەت خوب قىلىپدۇرلەر، ۋە بۇ فەساھەت بىلە سارت فۇسەھاسىدىن تەمام سەجىلىپدۇرلەر.

يانا ئەرەبى سەرف ئىستىلاھىدا ئىككى مەفئۇللۇق فىئللار باركى، ئانىڭ ئەداسى داغى مۆئتەبەر ۋە كۇللىدۇر. ئاندىن داغى سارتلار ئارى قالىپدۇرلەر. ۋە ئەتراك ئاڭا ھەم خوبراق ۋەجھ بىلەن مۇتابەئەت قىلىپدۇرلەر. ئەرەبى ئانداقكى، «ئەئتەيتۇ زەيدەن دىرھەمەن». بۇ تەركىبدە ئۈچ لەفز مەزكۇر بولۇر. ئالار لەفزغە بىر ھەرف ئارتۇرغان بىلە مۇڭا ئوخشاش بىر زەمىرنى ئارتۇرۇپتۇرلەر، بىغايەت مۇختەسەر ۋە مۇفىد تۈشۈپتۇر. ئانداقكى، «يۈگۈرت» ۋە «قىلدۇرت» ۋە «ياشۇرت» ۋە «چىقارت».

يانا بىر ئەدالارى باركى، بەئزى ئەلفازنىڭ سوڭىدا «چ، ى»كى، «چى» لەفزىدۇر ئارتتۇرلەر، يا مەنسەبىنىڭ يا ھۆنەرنىڭ يا پىشەنىڭ ئىزھارى ئۈچۈن. فارسىدا يوقتۇر، بەلكى ئالار ھەم تۆركچە ئەيتۇرلەر. مەنسەبدە ئانداقكى، «قۇرچى» ۋە «سۇچى» ۋە «خىزانەچى» ۋە «كىرەك ـ ياراقچى» ۋە «چەۋگانچى» ۋە «نەيزەچى» ۋە «شۆكۈرچى» ۋە «يۇرتچى» ۋە «شەيلانچى» ۋە «ئاختاچى» يۇسۇنلۇق كۆپتۇر. ھۆنەر ۋە پىشەدە ئانداقكى، «قۇشچى» ۋە «بارسچى» ۋە «قورۇقچى» ۋە «تامغاچى» ۋە «جىبەچى» ۋە «يورغەچى» ۋە «ھەلۋاچى» ۋە «كېمەچى» ۋە «قويچى». قۇش ھۆنەردە داغى بۇ ئىستىلاھ باردۇر. ئانداقكى، «قازچى» ۋە «قۇچى» ۋە «تۇرناچى» ۋە «كيىكچى» ۋە «تاۋۇشقانچى»كى، سارت لەفزىدە يوقتۇر، ۋە ئالار مەزكۇر بولغانلارنىڭ كۆپىن تۆركچە ئەيتۇرلەر.

يانا بىر نەۋئ ئىبارەت ۋە ئەدالارى باركىم، بىراۋدىن بىر ئىشنى گۇمان ئېلتمەك بىلە ئول ئىشنى ئول كىشىگە نىسبەتگونە بېرۇرلەر. يوقكى، تەھقىق يۈزىدىن، بەلكى مەزەننە ۋە گۇمان ھەيسىيەتىدىن. ئەمما مۇندا دىققەت كۆپتۇر. ئانداقكى، «بارغۇدېك» ۋە «يارغۇدېك» ۋە «كېلگۈدېك» ۋە «بىلگۈدېك» ۋە «ئايتقۇدېك» ۋە «قايتقۇدېك» ۋە «ئورغۇدېك» ۋە «سورغۇدېك». ۋە بۇ فارسىدا بولماس.

ۋە بەئزى ئەلفازنىڭ ئاخىرىدا بىر «چىم» ھەرفى ۋەسل قىلۇرلەر ۋە ئانىڭ بىلە ئول فېئلدا سۈرئەت يۇسۇنلۇق ئىرادە قىلۇرلەر. ئانداقكى، «يەتكەچ» ۋە «ئېتكەچ» ۋە «بارغاچ» ۋە «يارغاچ» ۋە «تاپقاچ» ۋە «ساتقاچ».

يانا بىر «رى» ھەرفىكى، بەئزى لەفزىنىڭ ئاخىرىغا ئىلھاق

قىلۇرلەر، ئاندىن مۇبالەغە ۋە سەئىيى ئىرادە قىلۇرلەر. ئانداقكى، «بىلەكۆر» ۋە «قىلاكۆر» ۋە «كىتەكۆر» ۋە «يىتەكۆر».

ۋە يانا بىر رەنگ يا بىر سىفەتنىڭ ھەمول ھالىغە مۇبالەغە ئۈچۈن ئانىڭ ئەۋۋەلىدە ئول ھەرفىغە بىر «پ» يا «مىم» ئىزافە قىلىپ، ئول شەيئىغە زايىد قىلۇرلەر. «پ» مىسالى: «ئاپ ـ ئاق»، «قىپ ـ قىزىل»، «ساپ ـ سارىغ»، «يۇپ ـ يۇمۇلاق»، «يەپ ـ يەسى»، «ئاپ ـ ئاچۇغ»، «چوپ ـ چوقۇر»، بۇ نەۋئ خېلى ھەم تاپىلۇر؛ «مىم» مىسالى: «كۆم ـ كۆك»، «يام ـ ياشىل»، «بوم ـ بوز».

يانا بىر «ۋاۋ» ۋە «لام» بەئزى لەفزغە ئىلھاق قىلىپ بىر مەخسۇس سىفەتقە تەئيىن قىلۇركى، سەلاتىننىڭ خاھ رەزم ئەسبابى ئۈچۈن ۋە خاھ بەزم جىھاتى ئۈچۈن مۆئتەبەردۇر. ئانداقكى، «ھىراۋۇل» ۋە «قاراۋۇل» ۋە «چەگداۋۇل» ۋە «ياگاۋۇل» ۋە «سوزاۋۇل» ۋە «پاتاۋۇل» ۋە «كىتپاۋۇل» ۋە «ياساۋۇل» ۋە «بەكاۋۇل» ۋە «شىغاۋۇل» ۋە «داقاۋۇل»كىم، ئالار مۇندىن ئارىدۇرلەر①.

يانا بەئزى لەفزغە بىر «لام» ئىلھاق قىلۇرلەركىم، ئول شەيئىنىڭ ئول سىفەتدە رۇسۇخىغە دەلالەت قىلۇر. ئانداقكى، «قاھال» ۋە «ياسال» ۋە «قابال» ۋە «تۇنقال» ۋە «بۇقال» ۋە «توسقال» ۋە «سۇيۇرغال»②. بۇ ئەلفاز ۋە ئىبارەتدە بۇ نەۋئ دەقايىق كۆپدۇركىم، بۇ كۇنگە دىگىنچە ھىچ كىشى ھەقىقەتىغە مۇلاھەزە قىلماغان جىھەتدىن بۇ ياشۇرۇن قالىپدۇر.

---

①② بۇ سۆزلەر بىز ئاساسلانغان مەتندە "ئولۇۋدۇر" (علوى دور)، "سىۋارغال" (سيوارغال) يېزىلىپ قالغان.

ۋە ھۈنەرسىز تۈركىنىڭ سىتەمزەرىنى يىگىتلەرى ئاسانلىقچە بولا فارسى ئەلفاز بىلە نەزم ئەيتۇرغە مەشغۇل بولۇپتۇرلەر. ۋە فىل-ھەقىقەت ئەگەر كىشى ياخشى مۇلاھەزە ۋە تەئەممۇل قىلسە، چۈن بۇ لەفزدە مۇنچە ۋۇسئەت ۋە مەيداندا مۇنچە فۇسھەت تاپىلۇر. كېرەككىم، مۇندا ھەر نەۋئ سۇخەنگۇزارلىغ ۋە فەسەھگۇفتارلىغ ۋە نەزمسازلىغ ۋە فەسانەپەردازلىغ ئاسانراق بولغاي. ۋە ۋاقىئ ئاسانراقدۇر. ئاندىن سۇڭراكىم، تۈرك تىلىنىڭ جامئىيەتى مۇنچە دەلايىل بىلە سابىت بولدى. كېرەك ئېردىكىم، بۇ خەلق ئاراسىدىن پەيدا بولغان تەبئ ئەھلى سەلاھىيەت ۋە تەبئلارىن ئۆز تىللارى تۇرغاچ، ئۆزگە تىل بىلە زاھىر قىلماسە ئېردى ۋە ئىشكە بۇيۇرماسەلەر ئېردى. ۋە ئەگەر ئىككەلەسى تىل بىلە ئەيتۇر قابىلىيەتلەرى بولسە، ئۆز تىللارى بىلە كۆپرەك ئەيتسەلەر ئېردىۋە يانا بىر تىل بىلە ئازراق ئەيتسالەر ئېردى ۋە ئەگەر مۇبالەغە قىلسەلەر ئىككەلەسى تىل بىلە تېڭ ئەيتسەلەر ئېردى.

بۇ ئىھتىمالغە خۇد يول بېرسە بولماسكىم، تۈرك ئۇلۇسىنىڭ خۇش تەبئلارى مەجمۇئى سارت تىلى بىلە نەزم ئەيتقايلەر ۋە بىلكۇلل تۈرك تىلى بىلە ئەيتماغايلەر، بەلكى كۆپى ئەيتائالماغايلەر ۋە ئەيتسالەر ھەم سارت تۈرك تىلى بىلە نەزم ئەيتقاندېك فەسىھ تۈركلەر قاشىدا ئوقۇي ۋە ئۆتكەرەئالماغايلەر ۋە ئوقۇسالەر ھەر لەفزلەرىغە يۈز ئەيب تاپىلغاي ۋە ھەر تەركىبلەرىغە يۈز ئىئتىراز ۋارىد بولغاي.

پەس بۇ ھەيسىيەتلەردىن ئانداق مەئلۇم بولۇركىم، بۇ تىلدا غەرىب ئەلفاز ۋە ئەدا كۆپدۇر. مۇنى خوشئايەندە تەرتىب ۋە روبايەندە تەركىب بىلە باغلاماغىنىڭ دۇشۋارلىغى بار.

www.uyghurkitap.com

مۇبتەدى تەبئى ئول نەزمنى دۇشۋارلىغ بىلە باغلاماقدىن كوفت تاپىپ مۇتەنەففىر بولۇر ۋە ئاسانراق سارى مەيل قىلۇر. چۈن نىچچە قاتلا بۇ نەۋئ ۋاقىئ بولدى، تەبئى خوي قىلدى. چۈن تەبىئەت مۇئتاد بولدى، ئۆز مۇئتادىدىن قويۇپ غەير مۇئتادغەكىم، مۇشكىلرەك ھەم بولغاي، مەيل قىلماغى مۇتەئەززىردۇر. يانا ئولكىم، فەھم جىنسى ئاجىزلارنى ھەم مايىل، بەلكى مۇشتەغىل ئۆشبۇ نەۋئغە كۆرەر ۋە زەمان ۋە رەسم ئەھلى تەرىقىدىن چىقماغنى مۇناسىب كۆرمەس ۋە بۇ نەۋئ بىلە قالۇر. ۋە مۇبتەدىغە يانا ئادەتـ دۇركىم، تەبئىدىن ئول نىمە باش ئۇرسا، چۈن ئۆز زادەئى تەبئى ئۆزگە مەھبۇب ئىكەنىگە مەجبۇلدۇر. تىلەركى، ئانى بۇ فەن ئەھلىغە ئەرز قىلىپ جىلۋە بېرگەي. چۈن بۇ فەن ئەھلى فارسىگويلاردۇر ۋە تۈرك ئەلفازىدىن بەھرەمەند ئىمەسلەر. تەبئى ئول جانىبدىن ئىئراز قىلىپ بۇ فەنغە مەشغۇل ئىل سارى مەيل كۆرگۈزۈر. ئىمدىكى، مەيل كۆرگۈزدى، مۇناسەبەتلەر تاپىپ ھەم بۇ خەيلدىن بولۇر. ئانداقكى، بۇ زەماندا بولۇپتۇر.

بارى ھەر تەقدىر بىلەكى، بار باۋۇجۇد تۈرك ئەلفازىنىڭ فارـ سىغە مۇنچە مەزىيىەتى ۋە نەفس ئەمردە مۇنچە دىققەتى ۋە ۋۇسئەتى نەزم تەرىقىدە شايئ ئىمەس ئېردى ۋە كىتمان نىھانخانەسىغە تۈشۈپ ئېردى، بەلكى مەترۇك بولۇرغە ياۋۇشۇپ ئېردى.

بۇ خاكسارغە سەبا ئەۋايىلىداكىم، ئاغىز ھوققەسىدىن بىراز گەۋھەر زاھىر بولاباشلار. ئول گەۋھەرلەر ھەنۇز نەزم سىلكىگە كىرمەيدۇر ئېردىكىم، زەمىر دەرياسىدىن نەزم سىلكىگە تارتىلغان گەۋھەرلەر تەبئ غەۋۋاسى سەئيى بىلە ئاغىز ساھىلىغە كېلەباشلاماق كۆرگۈزۈپ ئېردى. چۈن مەزكۇر بولغان قائىدە بىلەكىم، ئەدا

تاپتى، فارسى سارى بولدى. ئەمما چوڭ شوئۇر سىنىنىغە قەدەم قويۇلدى، چوڭ ھەق سۇبھانەھۇۋەتەئالا تەبىئىغە غەرابەت سارى مەيلنى زاتى ۋە دىققەت ۋە دۇشۋارپەسەندلىققە شۇرۇئنى جىبىللى قىلىپ ئبەردى.

تۈرك ئەلفازىغە داغى مۇلاھەزەنى لازىم كۆرۈلدى. ئالەمى نەزەرغە كېلدى ئون سېككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق. ئاندا زيب ۋە زىنەت سىپھرى تەبىئىغە مەئلۇم بولدى توققۇز فەلەكدىن ئارتۇق؛ ئاندا فەزل ۋە رىفئەت مەخزەنى ئۇچرادى دۇرلارى كەۋاكىب گەۋھەرلەرىدىن رەخشەندەراق. ۋە گۈلشەنى يولۇقتى گۈللەرى سىپىھر ئەختەرىدىن دۇرەخشەندەراق. ھەرىمى ئەترافى ئېل ئاياغى يېتمەكدىن مەسۇن ۋە ئەجناس غەرايىبى غەير ئىلكى تېگمەكدىن مەئمۇن.

ئەمما مەخزەنىنىڭ يىلانى خۇنخار ۋە گۈلشەنىنىڭ تىكەنى بىھەددۇشۇمار. خەيالغە كېلدىكىم، ھەمانەكى، بۇ يىلانلار نىيشى نەشتەرىدىن تەبئ ئەھلى خىرەدمەندلەرى بۇ مەخزەندىن بەھرە تاپماي ئۆتۈپتۇرلەر؛ ۋە كۆكۈلگە ئانداق ئېۋرۇلدىكىم، گويا بۇ تىكەنلەر سەرزەنىشى زەرەرىدىن نەزم خەيلى گۈلدەستەبەندلەرى بۇ گۈلشەندىن بەزم تۈزگۈچە گۈل ئىلىكلەيئالماي يول تۇتۇپتۇرلەر؛ چوڭ بۇ تەرىقەدە ھىممەت ئالى ئبەردى ۋە تەبئ بىباك ۋە لائۇبالى، ئۆتەرگە قويمادى ۋە تەماشاسىدىن تويمادى.

ئول ئالەم فەزاسىدا تەبئ سىپاھى تۈركتازلىغلار تۈزدى. ۋە ئول سىپىھر ھەۋاسىدا خەيال قۇشى بۇلەندپەرۋازلىغلار كۆرگۈزدى. ۋە ئول گەنج جەۋاھىرىدىن زەمىر سىيرەفىسى نىھايەتسىز قىيمەتلىغ لەئل ۋە دۇررى سەمىن ئالدى. ۋە ئول گۈلشەن رىياھىندىن

كۆكۈل گۈلچىنى ھەددۇغايەتسىز نەكھەتلىغ گۈل ۋە ياسمەن قوينىغا سالدى.

چۈن بۇ مەۋاھىب بىلە غىنالار ۋە بۇ غەنايىم بىلە ئىستىغنالار مۇيەسسەر بولدى، مۇنۇڭ نەتايىجى گۈللەرى روزگار ئەھلىغە بىھەد-دۇمقدار ئاچىلاباشلادى ۋە باشلارىغە بىئىختىيار ساچىلاكىرىشتى.

ئول جۇملەدىن بىرى «غەرايىبۇس سىغەر» دىۋانىدۇركىم، كىچىك ياشدا تەقرىرىمدىن① گۇزارىش ۋە تەھرىرىمدىن نىگارىش تاپىپدۇركىم، مەئانى غۇرەباسىدىن غەرىب ئەلفاز لىباسىغە كىيۈرۈپمىن ۋە خەلق كۆڭلىن ئول غەرىبىستان ئەھلى ئوتى بىلە كۆيدۈرۈپمىن.

يانا «نەۋادىرۇش شەباب» دىۋانىدۇركى، يىگىتلىك ئەۋايىلىدا بەيانىم كىلكىدىن نەمايىش دىۋانىغە ۋە ئارايىش بوستانىغە كىرىپدۇركىم، ئول نەۋادىر تەماشاسىدىن يىگىتلىك مۈلكىدە غەۋغا سالىپمىن ۋە مۈلك يىگىتلەرى كۆڭلىدىن ئارام ۋە قارارنى ئالىپمىن.

يانا «بەدايىئۇل ۋەسەت» دىۋانىدۇركىم، ئۆمۈر ئەۋسەتىدە خەيالىم خامەسى ئانىڭ زىيبىغە نەقشبەندلىغ ۋە زىينەتىغە سىھرپەي-ۋەندلىغ قىلىپدۇركىم، ئول بەدىئلەر ۋاستەسىدىن شەيدا كۆڭۈللەر ئىشكىن ئىشق تاشى بىلە قاقىپمىن ۋە ئول ئۆيگە فىتنە ۋە ئافەت ئوتىن ياقىپمىن.

يانا «فەۋايىدۇل كىبەر» دىۋانىدۇركىم، ھەيات ئەۋاخىرىدا تەخەييۇلۇم خامەسى ئانى رەشكى نىگارخانەئى چىن ۋە غەيرەتى

① بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتندە "تەقرىرىمدىن" ئەمەس، "تەقرىرىم" يېزىلىپ قالغان.

خۇلدى بەرىن قىلىپدۇركىم، ئاندا ئۇلۇغلارغە فايىدەلەر زۇلالىن يېتكۈرۈپمىن ۋە ھەۋەسلەرى شۇئلەسىغە نەسايىھ زۇلالىدىن سۇ ئۇرۇپمىن.

بۇ تۈرت دىۋان ئاۋازەسىن چۈن رۇبئى مەسكۇنغە يېتكۈرۈپمىن①، خەمسە پەنجەسىغە پەنجە ئۇرۇپمىن. ئەۋۋەلكىم، «ھەيرەتۇل ئەبرار» باغىدا تەبئىم گۈللەر ئاچىپدۇر، شەيخ نىزامى روھى «مەخزەنۇل ئەسرار»دىن باشىمغە دۇرلار ساچىپدۇر.

يانا چۈن «فەرھاد ۋە شىرىن» شەبىستانىغە خەيالىم يۈز تۇتۇپدۇر، مىرخۇسرەۋ دەمى «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» ئوتىدىن چىراغىمنى يارۇتۇپتۇر.

يانا چۈن «لەيلى ۋە مەجنۇن» ۋادىسىدا ئىشقىم پويە ئۇرۇپ خاجۇ ھەممەتى «گەۋھەرنامە»سىدىن شارىمغە گەۋھەرلەر يېتكۈرۈپتۇر.

يانا چۈن «سەبئەئى سەييارە» رەسەدىن زەمىرىم باغلاپتۇر، ئەشرەف «ھەفت پەيكەر»نىڭ يېتتى ھۈرۋەشىن پىشكەشىمغە ياراغلاپتۇر.

يانا چۈن «سەددى سكەندەرى» ئەساسىن خاتىرىم مۇھەندىسى سالىپتۇر، ھەزرەتى مەخدۇم «خىرەدنامە» سىدىن كوسى ئىسلاھ ۋە ئىمداد چالىپدۇر.

بۇ خەمسە شۇغلىدىن چۈن فەراغەت تاپىپمىن، تەخەييۇلۇم گىتى نەۋەردىن سەلاتىن تارىخى دەشتىغە چاپىپمىن. چۈن نامە سەۋادى زۇلمەتىدىن «زۇبدەتۇت تەۋارىخ» ئەداسىن تۈزۈپمىن، سەلاتىن

① بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتىندە "بېتكۈرۈپمىن" يېزىلىپ قالغان.

ئۆلگەن ئاتىن بۇ ھەيۋان سۈيى بىلە تىرگۈزۈپمەن.

چۈن «نەسايمۇل مۇھەببەت» نەفەھاتى بەيانىدىن كىلكىم فەيزرەسان بولۇپتۇر، ئەۋلىيائۇللاھ مۇقەددەس روھى فەيزىدىن ئالەم تولۇپتۇر.

چۈن «لىسانۇت تەير» ئەلھانى بىلە تەرەننۇم تۈزۈپمەن، قۇش تىلى ئىشارەتى بىلە ھەقىقەت ئەسرارىدىن مەجاز سۈرەتىدە كۆرگۈزۈپمەن.

چۈن «نەسرۇل لەئالى» خەزايىنى تەرجۇمەسىغە يېتتىم، «نەزمۇل جەۋاھىر» بىلە مەئنا ئەبكارىدىن ھۇللەلەردىن مۇرەسسەئ ئېتتىم.

چۈن «مىزانۇل ئەۋزان» بەھرلەرىدە غەۋۋاس بولدۇم، ئۇل مىئيار بىلە نەسىر تۇسى ئۆزرىن قولدۇم.

يانا داغى رەسايىلغە قەلەم سۈرۈپمەن ۋە مەكاتىبغە رەقەم ئۇرۇپمېنكى، فارسى سېھرسازلار ۋە پەھلەۋى ئەفسانەپەردازلار ھەم ئاندا ئەۋراق ئارەستە ۋە ئەجزا پىراستە قىلىپدۇرلەركىم، دانايى ھەكەم ئەدالەت يۈزىدىن كۆز سالسە ۋە بۇرۇنغى فارسى ۋە سوڭغى تۈركى لەتايىف ۋە دەقايىقىدىن بەھرە ئالسە، ھۆكۈم سۈرەر زەمانىدا، ۋە ھەر قايسىنىڭ مەرتەبەسىنى تەئيىن قىلۇر ئەۋانىدا، ئۈمىدىم ئولدۇر ۋە خەيالىمغە ئانداق كېلۇركىم، سۆزۈم مەرتەبەسى ئەۋجىدىن قۇيى ئىنمەگەي ۋە بۇ تەرتىبىم كەۋكەبەسى ئەئلا دەرەجەدىن ئۆزگە يەرنى بىكەنمەگەي.

بۇ سۆزلەردىن خەسم مۇنداق بىلمەسۈن ۋە مۇددەئى بۇ نەۋئ گۇمان قىلماسۇنكى، مېنىڭ تەبئىم تۈرك ئەلفازىغە مۇلايىم تۈشكەن ئۈچۈن تەئرىفىدە مۇبالەغە ئىزھار قىلۇرمەن ۋە فارسى ئىبارەتىقە

مۇناسىبەتىم ئازراق ئۈچۈن ئىنكار ۋە نەفسىغە ئىسرار كۆرگۈزۈرمېنكىم، فارسى ئەلفاز ئىستىفاسىن ۋە ئۇل ئىبارەت ئىستىقساسىن كىشى مېندىن كۆپرەك قىلمايدۇر ئېركېن ۋە سەلاھ ۋە فەسادىن مېندىن ياخشىراق بىلمەيدۇر ئېركېنكىم، ئۆمرۈم گۈلشەنىنىڭ تازە بەھارىنىڭ تەراۋەتى چاغى ۋە ھەيات رەۋزەسىنىڭ نەۋرەس سەبزەزارىنىڭ نەزاھەتى ۋەقتىكىم، ئون بېش ياشتىن قىرىق ياشقەچەدۇركى، ئىنسان خەيلىنىڭ تەبئى بۇلبۇلى ھەر گۈل جەمالىغە شىفتە ۋە روھى پەرۋانەسى ھەر شەمئى ھۆسنىغە فەرىفتە بولۇر. ۋەقت بۇ ئەۋقاتدۇر. بۇ ئەۋقاتدا كۆپ غەرىب ۋاقىئە ھادىس دۇركى، ئۇل ۋاقىئە بىر ئۇ ھۆسن ۋە نازىن يا ئۆز ئىشق ۋە نىيازىن شەرھ ئېتەرگە بائىس بولۇر. ۋە بۇ ھال غەزەل تەرىقەدە مۇنھەسىركىم، يا ئەيتۇرغە مۇتەئەممىل بولۇلغاي يا ئوقۇرىغە مۇشتەغىل. ئوقۇرغە دەۋاۋىندىن بۇ فەقىر مۇتالەئەسىغە كۆپ مەشغۇل بولماغان دىۋان ئاز ئېركېن. بەتەخسىس ئىشق ۋە دەرد ئەھلىنىڭ راھبەر ۋە پېشرەۋى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى دىۋانىكىم، ئاشىقلىقدا دەرد ۋە نىياز ۋە سوز ۋە گۇداز تەرىقىن ئۇل مۇنتەشىر قىلدى ۋە ئانىڭ ئىشقى مەشئەلىدىن بۇ پەرتەۋ ئالەمى تىيرە خاكدانىغە يايىلدى.

يانا ھەقىقەت ئەھلىنىڭ سەرخەيل ۋە سەرەفرازى خاجە ھافىز شىرازى نۇكات ۋە ئەسرارىنكى، ئەنفاسى روھۇل قۇدۇسدىن نىشان ئەيتۇر ۋە روھۇللاھ ئەنفاسىدىن ئەسەر يېتكۈرۈر.

يانا بۇ فەقىرنىڭ پىرى ۋە ئۇستازى ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ ساھىبى ئىرشادى، جەمىئ ئەھلۇللاھنىڭ مۇقتەداسى ۋە شەيخۇل ئىسلامى ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرۇل مىللەت ۋەددىن مەۋلانە ئابدۇررەھمان جامى (قەددەسە سىررەھۇ) نىڭ روھپەرۋەر لەتايىفى ۋە روھگۇستەر

زەرايىفىكىم، ئاندىن ھەر غەزەل «كەلۋەھىيل مۇنـزەل» ۋە ھەر رىسالە «كەلـئەھادىـسىن نەبىييـل مۇرسەل» ئالى شان ۋە رەفئە مەكاندۇركىم، ئالاردىـن ھەر لەفـز قىيـمەتـدە دۇررى سەمـنـدىن ئابداررراق ۋە ھرقەتـدە لەئـلى ئاتەشنىـدىن بەرقـكىرداررراق. ۋە ئىككەلەسى مەزكۇر بولغان ئەزىز كەلامى مۆئجىز نىزامىـدىن ئانـدا چاشـنى ۋە نەسـەب ۋە ئۆز ئىشق ۋە كەمالاتى ۋە نىھايەت ھالاتى مۇڭا ئىزافەكى، ھەزە شەيـئۇن ئەجـەب. بارچـەسـىغە كۆپ قاتـلا ئۆتتۇپمەن، بەلكى كۆپىن ياد تۇتتۇپمەن. ۋە قەسايىـد ۋە غەزەلىيياتـ لارىنىڭ غەرىب ۋە لەتافەتىن بىلىپمەن، بەلكى غەرىبـراق ۋە لەتىفـ راقلارىغە تەتەببۇئ داغى قىلىپمەن.

قەسايىددىن ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «دەريايـى ئەبرار»نىكىم، مەشھۇر مۇنداقدۇركى، دىبر ئىمىش: «بولغايكى، يۈز مىڭ بەيتـدىن ئارتۇغ دىۋانلارىم غەزەلىيياتى ۋە قەسايىد ۋە مەسنەۋىلەرىم ئەبياتى ئەگەر ئالەم سەھىفەسىدىن يۇيۇلسە ۋە دەۋران سەفھەسىدىن مەھۋ بولـسە ۋە بۇ قەسىدە قالسەكى، ئاندا مەئنا ئىستىفاسى ۋافىدۇر ۋە بۇ فەن ئەھلىغە مىنىڭ فەزايىلىم دەلىلىغە كافىدۇر» مەتلەئى مەشھۇردۇركىم:

نەزم

كۇسى شەھ خالىيۇ غۇلغۇلەش دەردى سەرەسـت،
ھەركى قانئ شۇد بەخۇشكۇ تەرشەھى بەھرۇ بەرەست.

بۇ شىئرغە ھەزرەتى مەخـدۇمى نۇرەن جەۋاب ئەيتىپـدۇرلەر ۋە ئاتىن «لۇججەتۇل ئەسرار» بىتىپدۇرلەر. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

كۇنگۇرى ئەيۋانى شەھ گەز كاخى كەيـۋان بەرتەرەسـت،
رەخنەھادان كەش بەدىۋارى ھىسارى دىن دەرەست.

كى، ئەگەر ئول دەريايى ئەبراردۇر، بۇ ئەبرى بەھاردۇركى، مەرتەبەدە ئاندىن بۇلەندراق ۋە بەھرەدە ئاندىن فايدەمەندراق-دۇركى، ئانىڭ ئۈستىگە سايە سالۇرغە يايىلەئالۇر ۋە باشىغە دۇرەفشانلىغ داعى قىلالالۇر. فەقىر ئىككەلەسى بۇزرۇگۋارى رەفىئ-مىقدارىغە نىيازمەندلىغ ۋە گەدالىغ يۈزىدىن تەتەببۇئ قىلىپمىن ۋە ئاتىن «تۇھفەتۇل ئەفكار» دىپمىن. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

ئاتەشىن لەئلى كى تاجى خۇسرەۋانىرا زىۋەرەست،
ئەخگەرى بەھرى خەيالى خام پۇختەن دەرسەرەست.

ۋە كۆپ مەئنائەنگىز ئىبارات ۋە تەئمىيەئامىز ئىشارات ئىزافە قىلىپمىنكى، بۇ فەن ئەھلىنىڭ ماھىرلارى مۇسەللەم تۇتۇپتۇرلەر. ۋە ھەر كىشىگە بۇ بابدا تەرەددۇد بولسە، ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەنىنىڭ «بەھارىستان» ئاتلىغ كىتابىنىكىم، ئانى «بەھارىستانى ھەيات ۋە نىگارىستانى نەجات» دىسە بولۇر، بۇ مەتلەئنى بىتىپدۇر-لەر ۋە ئىستىشھاد يۈزىدىن تەئرىفىن ئەيتىپدۇرلەركى، بۇ مەنشۇرى دەۋلەت سىپىھر تاقىغە ئاسىلسە يىرى بار ۋە بۇ تۇغرايى سەئادەتنى مۇشتەرى بوينىغە ئاۋىزە قىلسە مۇجىبى مۇباھات ۋە ئىفتىخاردۇر. ئول كىتابنى ئالدىك ۋە بۇ مەھەللىنى تاپىپ نەزەر سالدىك ۋە بىلدىككى، ئولچە مىن تەئرىفىدە تەھرىر قىلىپمىن، تەقسىر قىلىپمىن.

يانا مىر خۇسرەۋنىڭ «مىرئاتۇس سەفا» ئاتلىغ قەسىدەسىغە-كىم، خەللاقۇل مەئانى خاقانىئى شىرۋانى تەتەببۇئ قىلىپدۇر. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەيت

دىلەم ئىلىستۇ پىرى ئىشىق ئۇستازى زەبانىدانەش،
سەۋادول ۋەجھ سەبەقۇ مەسكەنەت كۇنجى دەبىستانەش.

ۋە ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەنىنىڭ جەۋابىدا «جەلائۇر روھ» ئاتلىغ قەسىدەنى دېپدۇرلەر. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

مۇئەللىم كىيست، ئىشقۇ كۇنجى خامۇشى دەبىستانەش،
سەبەق نادانىيۇ دانا دىلەم تىفلى سەبەقخانەش.

ۋە فەقىر ھەم «نەسىمۇل خۇلد» قەسىدەسىن ئىككەلەسى بۇزرۇگ-ۋارغە تەتەببۇئ قىلىپمەن ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

مۇئەللىم ئىشقۇ پىرى ئەقلدان تىفلى سەبەقخانەش،
پەيى تەئدىبى تىفل ئىنەك فەلەك شۇد چەرخى گەردانەش.

بۇ قەسىدەگە داغى كۆپ مەئانى گەۋھەرى دەرج ۋە ئۆمر نەقدى خەرج بولۇپدۇر.
يانا «روھۇل قۇدۇس» قەسىدەسىن بۇلەند ئاۋازە قىلىپمىنكى، قۇدسىلار روھىن ئاندىن تازە قىلىپمەن. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

زىھى بەخامەئى قۇدرەت مۇسەۋۋەرى ئەشيا،
ھەزار نەقشى ئەجىب ھەر زەمان ئەزۇپەيدا،

يانا «ئەينۇل ھەيات» قەسىدەسى زۇلالىن يېتكۈرۈپمىنكى، غەفلەت ئەھلىنىڭ ئۆلۈك بەدەنلەرىغە جان كىيۈرۈپمەن. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

نەزم

هاجىبانى شەب چۇ شادۇرۋانى سەۋدا ئەفكەنەند،

جىلۋە دەر خەيلى بۇتانى ماھسيما ئەفكەنەند.

يانا «مىنھاجۇن نەجات» قەسىدەسىدە ھىدايەت تەرىقىن تۈزۈپمەن ۋە زەلالەت ئەھلىغە نەجات شەھراھىن كۆرگۈزۈپمەن. ۋە مەتـلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

زىھى ئەز شەمئى رۇيەت چەشمى مەردۇم گەشتە نۇرانى

جەھانرا مەردۇمى چەشم ئامەدى ئەز ئەينى ئىنسانى

يانا «قۇۋۋەتۇل قۇلۇب» قەسىدەسىنكى، كىلكىم سەبت ئېتىپدۇر، ھەقىقەت يولىدا زەئىفلىغ كۆڭۈللەرگە ئۇل قۇتدىن قۇۋۋەت يېتىپدۇر. ۋە مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

جەھانكى مەرھەلەئى تەڭ شاھراھى فەناست،

دەرۇ مەساز ئىقامەت كى راھـى شاھۇگەداسـت.

بۇ ئالتى قەسىدە ھەمد ۋە نەئـت ۋە سەنا ۋە مەۋئىـزەتـدۇر ۋە ئەھلى تەسەۋۋۇف ۋە ھەقىقەت تىلى بىلە مەئرىفەت.

يانا زاھىر شۇئەراسى تەرىقىدە ھەم تۆرت قەسىدەكى، «فۇسۇلى ئەربەئە» غە مەۋسۇمـدۇر ۋە ئانـدىن تـۆرت فەسـل: ھەرارەت ۋە بۇرۇدەت ۋە رۇتۇبەت ۋە يۇبۇسەت كەيـفىيـيەتى مەئـلۇم، خامەم رەقەم قىلىپدۇركى، تۆرت فەسل خاسىيـيەتى ئەسەرىدىـك رۇبـئى مەسكۇنغە يايىلىپدۇر.

يانا سۇخەنـپەرداز ئۇسـتازى ئالـشـان خـاجە كەلـمىددىـن سەلمانكى، قەسىدە مەيدانىنىڭ چابۇكسۇۋارىـدۇر ۋە ئۇ زەمانـىنىڭ

بىنەزىر سۇخەنگۇزارى. مەشھۇردۇركى، چۈن مەسنۇۋ قەسىدەسى تەرتىبىغە قەلەم سۈرۈپتۇر، ئۇن سىككىزدە ئىتمام يىتكۈرۈپدۇر. ۋاقىئان ئىشى قىلىپدۇركى، نەزم ئەھلى ئانىڭ تەئەممۇقىدا ھەيران ۋە تەئەممۇلىدا سەرگەرداندۇرلەر. تەرسىئ سەنئەتىكىم، مەتلەئىدىن ئۆزگە بەيتدە بولائالماس. ئول قەسىدەنىڭ ئەگەرچە مۇستەخرەج مەتلەئى راستدۇر، ئەمما ئەسل مەتلەئدە ئەۋۋەلغى مىسرائىنىڭ بىر لەفزىدە تەخەللۇف قىلىپدۇر. ۋە مەتلەئ بۇدۇركىم:

بەيت

سەفايى سەفۋەتى رۇيەت بەرىخت ئابى بەھار،
ھەۋايى جەننەتى كويەت بەبىخت مۇشكى تەتار.

بۇ مەتلەئغە تەتەببۇئ قىلغان كۆپ سۇخەنۋەرلەر ۋە نەزمگۇستەرلەر چۈن مۇقابەلەدە دىپدۇرلەر، لەت يىپدۇرلەر. بۇ فەقىرنىڭ مەتلەئى بۇدۇركىم:

بەيت

چۈنان ۋەزىد بەبوستان نەسىمى فەسلى بەھار،
كەزان رەسىد بەياران شەممى ۋەسلى نىگار.

بەسارەت ئەھلى مۇلاھەزە قىلسەلەر بىلۈرلەركى، بۇ مەتلەئ تەرسىئغە ۋاقىئ بولۇر ئەيىبدىن مۇئەررا ۋە مۇرەسسەئغە كىبلۈر ئىئتىرازدىن مۇبەررادۇر.

بۇ نەۋئ شىئرنىڭ تەئكىد ۋە مۇبالەغەسى ئۈچۈن يانا بىر رۇبائى ھەم دىپىپىنكى، تا خەلەل ئىبنى ئەھمەد رۇبائى قائىدەسىن ۋەزئ قىلىپدۇر، تەرسىئ سەنئەتىدە رۇبائى ئەيتىلغان ئىشتىلمەيدۇر. بەلكى يوقتۇر ۋە ئول بۇدۇركىم:

رۇبائى①

ئى رويى تۇ كەۋكەب جەھان ئەرايى
ۋى بويى تۇ ئەشھەب رەۋان ئەسايى
بى مويى تۇ يارەب چۇنان فەرسايى
گىيسويى تۇ چۇن شەب فىغان ئەفزايى

يانا «فارسى غەزەلىيات دىۋانى» خاجە ھافىز تەۋرىدەكىم، جەمئى سۇخەن ئەدالار ۋە نەزمپىرالار نەزەرىدە مۇستەھسەن ۋە مەتبۇئدۇر، تەرتىب بېرىپىپىنكىم، ئالتى مىڭدىن ئەبياتى ئەدەدى كۆپرەكدۇركى، كۆپرەك ئول ھەزرەت شېئرىغە تەتەببۇئ ۋاقىئ بولۇپتۇر. ۋە بەئزى ھەزرەتى شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى (قەددەسە سىررەھۇ) غەكىم، غەزەل تەۋرى مۇختەرىئىدۇر؛ ۋە بەئزى مىرخۇسرەۋغەكىم، ئىشق ئاتەشكەدەسىنىڭ شۇئلەئەنگىزىدۇر ۋە دەرد غەرىبخانەسىنىڭ ئەشكرىزى؛ ۋە بەئزى ھەزرەتى مەخدۇم نۇرەنغەكىم، كەمال ئەۋجىنىڭ مېھرى لامىئىدۇر. ۋە مەزكۇر بولغان ئەزىزلەر ھالاتىنىڭ جامىئكى، بۇ دىۋان خەلايىق ئاراسىدا شايىئدۇر ۋە روزگار ئەھلىنىڭ تەبىئلارى ئول سارى راجىئ. ۋە ئاندا كۆپ تۇرلۇك دىلكەش ئەدالار ۋە دىلپەزىر مەئنالار ۋاقىئدۇركى، تەفسىلى بۇ فەقىردىن مۇناسىب ئېمەس. ۋە ئاندا ھەر نەۋئ ئەسنافىدىن، مىسلى مەقتەئات ۋە رۇبائىيات ۋە مەسنەۋى ۋە تارىخ ۋە لۇغەز ۋە ئول جۇملەدىن بېش يۈزگە ياقىن مۇئەمماكىم، كۆپى ھەزرەتى مەخدۇمى نۇرەن مۇبارەك نەزەرىغە يېتىپدۇر ۋە ئول ھەزرەتىنىڭ ئىسلاھ ۋە تەھسىنىن شەرەفىن كەسب ئېتىپدۇركىم،

---

① بىز ئاساسلانغان مەتندە بۇ جايغا "بەيت" يېزىلىپ قالغان.

خامەمدىن روزگار سەفھەسىغە يازىلىپدۇر ۋە قەلەمىم لەيل ۋە نەھار ئەۋراقىدا نەقش قىلىپدۇر. بۇلاردىن داغى يېگىتلىكىم زەمانى ۋە شەباب ئەييامى ئەۋانىدا كۆپرەك شېئىردا سېھرساز ۋە نەزمدە فۇسۇن-پەرداز شۇئەرانىڭ شېرىن ئەشئارى ۋە رەنگىن ئەبياتىدىن ئېلىك مىڭدىن ئارتۇق ياد تۇتۇپمېن ۋە ئالار زەۋق ۋە خۇشھاللىغىدىن ئۆزۈمنى ئاۋۇتۇپمېن، ۋە سەلاھ ۋە فەسادلارىغە فىكر ئېتىپمېن، ۋە مەخفى دەقايىقىغە تەئەممۇل ۋە تەفەككۇرلار بىلە يېتىپمېن. ۋە فارسى ئەلفاز ئەيىب ۋە ھۈنەرى مۇلاھەزەسى ئەۋراقىدا① تەبئىم ئۆزىن سالمايدۇر، بەلكى ئول ۋادى قەتئىدە كىلكىم رەۋەندەسى تېزگاملىغ بىلە قەدەم ئۇرماغان يېر قالمايدۇر.

ۋە ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ۋە قىرىق يىلغە ياقىندۇركىم، خۇراسان مۈلكىكىم، فەزل ۋە كەمال ئەھلىغە ئالەم مەمالىكىنىڭ مىسرى مۇئەززەمى ۋە سەۋادى ئەئزەمىدۇر. بۇ مۈلكنىڭ جەمئ نەزم ئەھلى شۇئەرايى شېرىن كەلامى ۋە فۇسەھايى ۋاجىبىل ئىھتىرامى ھەر مەئنا بىلەكىم، ئەۋراق يۈزىگە ئارايىش ۋە ھەر ئەلفاز بىلەكىم، ئەجزا ئىزارىغە نەمايىش بېرىپدۇرلەر، بۇ فەقىر سۆھبەتىغە يېتكۈرۈپدۇرلەر ۋە بۇ زەئىف ئالىندا ئۆتكەرىپدۇرلەر ۋە ھەكىكۈئىسلاھ ئىلتىماسىن قىلىپدۇرلەر. ۋە خاتىرغە كېلگەن② نۇكتەكى، ئەيتىلىپدۇر، ئىنساف يۈزىدىن مۇسەللەم تۇتۇپتۇر. ۋە ئەگەر بەئزى ئىبا قىلىپدۇرلەر، دەلايىل بىلە ئالارغە خاتىرنىشان قىلىلىپدۇر، ئاندىن سوڭرا قەبۇل قىلىپ ئۆزلەرىن شاكىر ۋە مەمنۇن بىلىپدۇرلەر.

---

① بۇ سۆز ئەسلى مەتىندە "اوراكيدا" يېزىلىپ قالغان.

② بۇ سۆز بىز ئاساسلانغان مەتىندە "قيلغان" يېزىلىپ قالغان.

ۋە بەسا مەئانى ئەھلى خوردەدانلار ۋە دەقايىق خەيلى دەقىق بەيانلارکى، ئەنۋەرى ۋە سەلمان شىئرىدا ھەر بىرىنىڭ جانىبىن تۇتۇپ بەھسلەر قىلىپ سۆزلەرى بىر-بىرىدىن ئۆتمەگەندىن سوڭرا بۇ فەقىر ئاللىغە مۇھاکەمە ئۇچۇن کېلتۇرۇپتۇرۇرلەر. ۋە ھەر نى ھۆکۇم تاپىپدۇرلەر، مۇسەللەم تۇتۇپ مۇناقەشەلەرى بەرتەرەف بولۇپتۇر.

ۋە غەزەلدە مىرشاھى ۋە مەۋلانە کاتىبى ۋە ئالار غەيرى تەرەفىدىن داغى بۇ يۇسۇنلۇق ۋە مەسنەۋىدە ھەزرەتى شەيخ نىزامى ۋە مىرخۇسرەۋ دېھلەۋى جانىبىدىن داغى بۇ دەستۇرلۇغ کۆپ ۋاقىئ بولۇپدۇر.

بارچەدىن کۆللىرەك سەنەد بۇکىم، ھەزرەتى ئىرشاد پەناھى (نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ نۇرەن) کى، کەلامى مەلىکى ئەللام ۋە ئەھادىسى مۆئجىزنىزامى خەيرۇل ئەنام ئەلەيھىس سەلات ۋەسسەلامىدىن سوڭرا فارىسى سۆزدە جەمئ ئالار سۆزىدىن يۇقارىراق سۆز يوقتۇر. کۆپرەك کۇتۇب ۋە رەسايىل ۋە غەزەلىييات ۋە قەسايىدداکى، مەئانى گەۋھەرلەرىن نەزم سىلکىگە کېيدۈرۈر ئېردىلەر ۋە زەمىر نىھانخانەسىدىن ئەنجۇمەن تەماشاگاھىغە جىلۋە بېرۈر ئېردىلەر، ئانىڭ مۇسەۋۋەدەسىن بۇرۇنراق بۇ فەقىرغە ئىلتىفات ۋە ئىئتىقاد يۈزىدىن بىرۇر ئېردىلەرکىم، «بۇ ئەۋراقنى ئال ۋە باشتىن ئاياغىغە نەزەر سال، خاتىرىڭغە ھەر نى ئەيتقۇدېك سۆز کېلسە ئەيت» دېپ. ۋە ھەر نى ئىشارەت بولغانىکىم، مەزکۇر بولدى، زاھىر قىلسام، مەقبۇل تۈشەر ئېردى.

بۇ دەئۋاغە دەلىل بۇکىم، ئۇندىن ئارتۇق کۇتۇب ۋە رەسايىلدا

ئۇل ھەزرەت بۇ فەقىرنىڭ ئاتىن مەزكۇر قىلىپدۇرلەر. ۋە كۆپى تەبئ ۋە ئىدراك ۋە مۇڭا مۇناسىب نىمەلەرگە نىسبەت بېرىپ مەستۇر قىلىپدۇرلەر.

بۇ قەبۇل نەزەرى ئەسەرىدىن بىر قەرىندىن ئارتۇق سۇلتانۇس سەلاتىننى سىپىھرئايىن سۆھبەتلەرىدە ۋە فىردەۋس تەزيىن خىدمەتلەرىدەكىم، ئەھلى كەلامدىن ۋە مەقالدىن فەزل ۋە كەمال زۇمرەسىنىڭ مەجمەئىدۇر ۋە ئىلم ۋە فەزلىنىڭ مەنبەئىدۇر، بۇ فەقىرنىڭ سۆزىغە مەرتەبەئى رەفئ ۋە مەقالەئى ۋەسئ ئىردى. ۋە ئۆزىگە سۆز جىھەتىدىن ئەزىم ئىئتىبار ۋە سۆزىگە ئۆز جىھەتىدىن بىيىك پايە ۋە مىقدار. ۋە سۇلتانۇس سەلاتىنكى، مەزھەرى لۇتفى ئىلاھى ۋە مەزھەرى ئەنۋارى ھەقايىقى نامۇتەناھىدۇر، ۋە فەرخۇندە زەمىرى ئۇلۇم گەۋھەرىنىڭ دەرياسى ۋە خۇجەستە خاتىرى خاكسار بەندەلەر زاتىنىڭ كىمياسىدۇر، بۇ تايىفەنىڭ كۆپرەك ئىستىلاھ ۋە قەۋائىدەدىن ئالى مەجلىسدە سۆز ئۆتسە مۇخاتەب بۇ فەقىر؛ فەساھەت ۋە بەلاغەت ئەھلى نەتايىج تەبئىدىن ھەر نى مەزكۇر بولسە مۇشارۇن ئىلەيھى بۇ ھەقىرنى قىلۇر ئىردىلەر. ۋە ئۇل مىقدار بۇ تۇفراغنىڭ رۇتبەسىن فەلەكغە يېتكۈرۈپ ۋە ئانچە بۇ زەررەنىڭ پايەسىن قۇياشدىن ئاشۇرۇپ ئىردىلەركىم، ئۆزلەرىنىڭ خۇرشىدفەيز تەبئلەرىدىن زۇھۇر قىلغان رىسالەكى، ئۆز گەۋھەرىز قەلەملەرىدىن نىگارىش تاپىپدۇر ۋە ئۆز كەماھى ھالاتلارى كەيفىيەتىدە گۇزارىش سۇرەتى تۇتۇپدۇر.

بۇ بايىرى بەندەلەرنى نەزم تەرىقىنىڭ بارچە نەۋئىدە تەئرىفلەر بىتىپ، ساھىبقىرانلىق لەقەبى بىلە سەرەفراز قىلىپدۇرلەر ۋە بىمىسل ۋە ئەنبازلىغ ۋەسفى بىلە مۇمتاز ئېتىپدۇر. ۋە مۇقەررەر-

دۇركى، ھۇمايۇن تەبىئىلارى زەمان مۇشكىلاتىنىڭ مىئيارىدۇر،
فەرخۇندە زىھنلارى ئالەم دەقايىقىنىڭ ھەللالى ۋە ساھىبى
ئەسرارى.

بەندەئى خاكسار ئەگەرچە تۇفراغدىن ئۆكسۈك ئىردىم، ئەمما
ئول قۇياش تەربىيەتى بىلە رەنگا-رەنگ گۇللەر ئاچتىم ۋە بۇ
ئەفكەندەئى بىئىتىبار ئەگەرچە زەررەدىن كەمرەك ئىردىم، ئول
سەھاب تەقۋىيەتى بىلە گوناگۇن دۇرلار ساچتىم. ۋە دىلسوز
ئەبياتىم مۇناجات ئەھلىغە ئاشۇب ۋە غەۋغا سالدى ۋە بەزم ئەفروز
غەزەلىيياتىم خەراباتىلارغە ئاھ ۋە ۋاۋەيلا سالدى.

ھاسىلى كەلام ئاندىن سوڭراكىم، مۇنچە قەۋى دەلايىل ۋە
ئەزىم شەۋاھىد بىلە بۇ فەقىرنىڭ ۋۇقۇفى بەلكى مەھارەتى بۇ
فەننىڭ فارسى ۋە تۈركى نەزمىدە سابىت ۋە رەۋشەن بولدى.
ئەگەر بىرنى يەنە بىرىگە تەرجىھ قىلسام، كېرەككى، بۇ تايىفەدىن
ھېچ كىشىگە مۇسەللەم تۇتۇپ «سىدق» دېمەكدىن ئۆزگە مەقال
ۋە مەجال بولماغاي.

بەتەخسىسكى، مۇنچە بۇرھانى قاتىئ بىلە ھەم قەتئى تاپقاي ۋە
ئىستىشھادغە بۇ مۇسەۋۋەدەنىڭ ھەم لەفزى يوقكى، ھەر ھەرفى
فەرياد ئۇرغايلەر ۋە غەۋغا كۆتەرگەيلەر.

يەنە بىر كۇللىيە بۇكىم، تا مۇلكى ئەرەب خۇلەفاسى ۋە سەلا-
تىنىدا ئىردى. فەلەك ئول ۋە قىتدە نەزم دەبىرغە ئەرەب تىلى بىلە
جىلۋە بېردى، ئانداقكى، ھەسسان سابىتدېك ۋە لەقىتدېك مەلىكۇل
كەلام سۇخەنگۇزارلار ۋە مەئنائافەرىن فەساھەت شىئارلار پەيدا
بولدىلەر ۋە ئۆز تىللارى بىلە نەزم ئەداسىنىڭ دادىن بېردىلەر. بۇ
مۇناسەبەت بىلە ئەرەب سەلاتىنى داغى ئىبراھىم مەھدىدېك ۋە

مەئمۇن خەلىفەدېك ۋە بۇلاردىن ھەم سەلاتىنزادەلەر غەررا نەزمـ-
لەردىن قەسايىد ئەيتتىلەر ۋە فەۋايىد زاھىر قىلدىلەر.

چۇن مۇلكدىن بەئزى ئەقالىم ۋە كىشۋەردە سارت سەلاتىنى مۇستەقىلل بولدىلەر. ئول مۇناسەبەت بىلە فارسىگۇي شۇئەرا زۇھۇر قىلدىلەر. قەسىدەدە خاقانى ۋە ئەنۋەرى ۋە كەمال ئىسمائىل ۋە زەھىر ۋە سەلماندېك. ۋە مەسنەۋىدە ئۇستازى فەن فىردەۋسى ۋە نادىرى زەمان شەيخ نىزامى ۋە جادۇيى ھىند مىر خۇسرەۋدېك. ۋە غەزەلدە مۇختەرىئى ۋەقت شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى ۋە يىگا-نەئى ئەسىر خاجە ھافىز شىرازىدېككى، بۇلارنىڭ تەئرىفى يۇقارىراق چۇن شەمـمەئى سۇرۇلۇپدۇر ۋە ۋەسفلەرىغە قەلەم ئۇرۇلۇپدۇر. سۆزنى ئۇزاتماق ھاجەت ئېمەس ۋە كەلام تەتۋىلى مەئنا ئەھلى مۇستەھسەن دېمەس. ۋە بۇ مۇناسەبەت بىلە سارت سەلاتىنىدىن ھەم سۇلتان تۇغرۇلدېك ۋە شاھ شۇجائدېك ئالىقەدر پادىشاھلار ۋە رەفىئ مەرتەبە ئەنجۇمسىپاھلار رەنگىن ئەبيات ۋە شىرىن غەزەلىييات ئەيتتىلەر ۋە زەمانلاردا مەشھۇر بولدى ۋە روزگارلارى ئەۋراقىدا مەستۇر.

تا مۇلك ئەرەب ۋە سارت سەلاتىنىدىن تۈرك خانلارغە ئىنتىقال تاپتى. ھۇلاكۇخان زەمانىدىن، سۇلتان ساھىبقىران تېمۇر كوراگان زەمانىدىن فەرزەندى خەلەفى شاھرۇخ سۇلتاننىڭ زەمانىنىڭ ئاخىرىغەچە تۈرك تىلى بىلە شۇئەرا پەيدا بولدىلەر ۋە ئول ھەز-رەتنىڭ ئەۋلاد ۋە ئەھفادىدىن ھەم خۇش تەبئ سەلاتىنى زۇھورغە كېلدى: شۇئەرا سەككاكى ۋە ھەيدەر خارەزمى ۋە ئاتايى ۋە مۇقىمى ۋە يەقىنى ۋە ئەمىرى ۋە گەدايىدېكلەر. ۋە فارسى مەزكۇر بولغان شۇئەرا مۇقابەلەسىدە كىشى پەيدا بولمادى بىر مەۋلانە لۇتفىدىن

ئۆزگەكىم، بىر نىچچە مەتلەئىلەرى باركىم، تەبئ ئەھلى قاشىدا ئوقۇسە بولۇر. ئول جۈملەدىن بىرى بۇدۇركىم:

بەيت

ئولكى ھۆسن ئىتتى بەھانە ئىلنى شەيدا قىلغالى،
كۆزگۈدىك قىلدى سىنى ئۆزنى پەيدا قىلغالى.

ۋە سەلاتىندىن ھەم ئۇلكۇچە تەبئ ئەسەرى ھىچ قايسىدىن زاھىر بولمادى ۋە ۋەرەق يۈزىگە نەقش قىلغۇچە نىمە قالمادى سۇلتان بابۇردىن ئۆزگەكىم، بۇ مەتلەئ ئالار تەبئى ئەسەرىدۇركىم:

بەيت

نىچە يۈزلۈك كۆرۈپ ھەيران بولايىن،
ئىلاھا مىن سەڭا قۇربان بولايىن.

تا بۇ ۋەقتقەچەكىم، مۈلك بۇ دۇدماننىڭ تەختى سەلتەنەتىغە خاتەم ۋە تاج خىلافەتىغە سەزاۋەر ۋە مۇسەللەم، ئەسالەت بەھرىنىڭ دۇررى شاھۋارى، ئەدالەت مەئدەنىنىڭ گەۋھەرى ئالمىقدارى، سىپەھبودلىغ مەئرەكەسىنىڭ رۇستەمى دەستانى، سىپەھدارلىغ مەيدانىنىڭ سامى نەرىمانى، سەرەفرازلىغ تاجىنىڭ گەۋھەرى زىبىبەندەسى، بەزمسازلىغ سىپھرىنىڭ ئەختەرى فەرخۇندەسى جەھاندارلىغ بەزمىنىڭ ئىسكەندەرى جەمشىدجاھى، جەھانگىرلىغ ئەنجۇمەنىنىڭ خۇرشىدى ئالەمپەناھى، رىفئەت جەھانىنىڭ قۇللەئى گەردۇنخەراشى، ئەدالەت سىپھرىنىڭ سەھابى گەۋھەرپاشى، فەزل ۋە كەمال ھەدەقەسىنىڭ مەردۇمەكى بىيناسى، تەكەللۇم ۋە مەقال ھەدىقەسىنىڭ بۇلبۇلى خۇشنەۋاسى ئەسسۇلتان ئىبنىس سۇلتان ۋەلخاقان ئىبنىل خاقان مۇئىززۇس سەلتەنەت ۋەددۇنيا ۋەددىن ئەبۇلمەغازى ھۇسەين بەھادىرخان (خەللەدەل

www.uyghurkitap.com

لاھۇتەئالا مۇلكەھۇ ۋە سەلتەنەتەھۇ ۋە ئەفازە ئەلەل ئالەمەين بەررەھۇ ۋە مەكرۇمەتەھۇ).

رۇبائىي

كىم تا فەلەك ئافاق ئۇزە دەۋر قىلغۇر،
ئەنجۇم گۇلى ھەر تۇن بۇ چەمەندىن ئاچىلغۇر،
نى شاھ ئانىڭ زاتى كەبى ياد بىلغۇر،
نى تەبئ ئانىڭ تەبئىدېك ئىستەپ تاپىلغۇر.

دىگەر

تاكىم فەلەك ئېۋرۇلۇر دەۋام ئولسۇن ئاڭا،
ئىقبال بىساتىدا مەقام ئولسۇن ئاڭا.
ھەم نۇتق ئىلە جانبەخش كەلام ئولسۇن ئاڭا،
ھەم نەزم كەلامى مۇستەدام ئولسۇن ئاڭا.

جەھانبانلىق تەختىدە مەقام تۇتتى ۋە كىشۋەرستانلىق مەسنەدىدە ئارام تاپتى. مۇلك سىلكىگە ئەمنىيەت گەۋھەرلەرىنى چېكتى ۋە جەھان مەزرەئىدە جەمئىيەت دانەلەرىن ئېكتى.

چۇن سەلىم قەلبى گەۋھەرى كانى مەئانى ئېردى ۋە مۇستەقىم زېھنى مەۋرىدى فەيزى سۇبھانى. كەلام ئەھلىغە تەرفىھ ۋە ئىبتىھاجلار ۋە كەلام خەيلىغە رەۋنەق ۋە رەۋاجلار دەست بېردى. ۋە ھەر ئىلمدە مۇفىد تەئلىفلەر ۋە ھەر فەندە مۇنتىج تەسنىفلەر قىلدىلەر ۋە غەرىب رەسايىلى مەئنەۋى زۇھۇر قىلدى ۋە ئەجىب دەۋاۋىن ۋە غەزەل ۋە قەسايىد ۋە مەسنەۋى ياپىلدى. ۋە ئۇز شەرىف تەبئ ۋە لەتىف زېھنلەرىدىن داغى ئەگەرچە ھەم فارسى دېمەككە قادىر ۋە ھەم تۈركچە ئەيتماققە ماھىر ئېردى. ئەمما ئەسلى تەبئ ئىقتىزاسى ۋە شايئ تەكەللۇم مۇناسەبەتى ئەداسى بىلە تۈركى

دىۋان تەدۋىنىغە مەيىل قىلدىلەر ۋە دىلپەزىر ئەبىيات ۋە بىنەزىر غەزەلىييات تەرتىب بېردىلەركى، تا ئۆتارىد فەلەك دىۋانخانەسىنىڭ قەلەمزەن ۋە راقىمىدۇر ۋە سىپىھر بەيتۇل ئىنتىزامىنىڭ رەقەمكەش ۋە نازىمى. ئانىداق گۈلشەنى دەقايىق گۈل ۋە رىياھىنى بىلە ئارەستە ۋە ئول نەۋئ مەخزەنى مەئانى جەۋاھىرى سەمىنى بىلە پىراستە كۆرمەيدۇر. دەقىق مەئنا گۈل ئىزارلارى سەلىس ئەلفاز كىسۋەتلەرىدە جىلۋەنۇماي ۋە غەرىب مەقسۇد ماھرۇخسارلارى لەتىف ئەدا ھۇللەلەرىدە چىھرەگۇشاي.

دىۋان دىمەيكى، بەھرى ئۇممانىدۇر، ھەر غەزەل ئاندا جەۋاھىر-دىن مەملۇئ بىر سەفىنە. سەفىنە دىمەيكى، خەزىنەدۇر، ھەر بەيتى بىر ئۆي مەئانى گەۋھەرلەرىدىن ئاندا يۈز دەفىنە. سوزناك ئەبياتىنى ئوقۇغۇچىنىڭ نەفەسى ئەل كۆڭلىن ئۆرتەمەككە سەمۇمى ئافەت ۋە دەردمەندانە ئەلفازىنى ئەدا قىلغۇچىنىڭ ئۈنى خەراشىدىن مەھزۇنلار باغرى جەراھەت. ئىبارەتى نەشاتلىغ زەمىرلەرنى ماتەمزەدە قىلغۇچى ۋە ھەرارەتى مۇزدىك ساۋۇغان كۆڭۈللەرنى ئاتەشكەدە قىلغۇچى. ھۇرۇفى تەرتىبىدە سىھرسازلىغلار ۋە ئەداسى تەركىبىدە فۇسۇنپەر-دازلىغلار ھاسىلكى، تۈركچە تىل بىلە بۇ نەۋئ دىۋانىكى، مەزكۇر بولدى ۋە تەئرىفى بۇ سىفەت ۋە ئايىن بىلەكى، مەستۇر بولدىكىم، بۇ يۇسۇنلۇق غەرايىب يوقكى، سەلاتىنى مۇكەررەمى دارايى ھەشەمە-دىن، بەلكى شۇئەرايى قۇدسى نەفەسى مەسىھدەمدىن ۋاقىئ بولماي-دۇر ۋە ئاراغە كىرمەيدۇر، ۋاقىئ بولدى ۋە ئاراغە تۈشتى. ۋە ئانىڭ زۇلالى ھەياتىنىڭ فەيزى قۇياش چەشمەسىدىن ئۆتكەلى ياۋۇشتى ۋە بۇ تايىفەنىڭ بىبەھرەلەرى بۇ روھى نەقدىدىن بەھرەياب ۋە لەبتەشنەلەرى بۇ ئابى ھەياتتىن سىيراب بولدىلەر.

www.uyghurkitap.com

باۋۇجۇد بۇ سۇلتانۇس سەلاتىننىڭ كىمىيائەسەر خاتىرى ۋە خۇرشىدئاسار زەمىرى داغى مۇڭا مايىلكى، تۈرك نازىملارى ئۈز ئەلغازلارى بىلە شىئرغە مەشغۇللۇق قىلغايلەر ۋە كۆڭۈل غۇنچەسى داغىدىنكى، پىچلار چىرمانىپدۇر، بەھار نەسىمىدىك ئەنفاس بىلە گۈلدىك ئاچىلغايلەر. ۋە ئىلتىفات ۋە ئىھتىمام يۈزىدىن بەئىزى مەئنالار تاپىپ، نەزم قىلۇرغە ھۆكۈملەر ھەم جارى بولدى ۋە سۆز ئۇسلۇبىغە تەئيىنلەر ۋە ئەداسىغە تەئلىملەر ھەم ئىزھارى بولدى.

تۈرك ئولۇسى ئانىڭ خۇشتەبئ بىگلەرى ۋە مىرزادەلەرى ۋە ساھىبى زىھن پاك تەبئلەرى ۋە ئازادەلەرى ئانداقكى، كىرەك مەشغۇللۇق ئەسبابىن تۈزەئالمادىلەر ۋە ئول نەۋئ تەبئ نەتىجەسى كۆرگۈزەئالمادىلەركى، ئاندىن خۇشگۈيلۇق ئۈمىدى تۇتسە بولغاي، بەلكى بۇ ئۈمىدنى ئالارنىڭ روزگارى ھالىغە ياۋۇتسە بولغاي.

تۇرفەراق بۇكىم، بۇ نەۋئ پادىشاھى سۇخەندان تەرغىبى ۋە تەلقىنى ۋە ئىھسانى ۋە تەھسىنى قائىدەئى مۇتابەئەت ۋە مۇۋافەقەتنى ئۇنۇتۇپ ۋە جادەئى نافەرمانلىغ ۋە زەلالەتنى تۇتۇپ، كۆپى، بەلكى بارىسى فارسىغە مايىل بولدىلەر ۋە ئول تىل بىلە نەزمغە قايىل. بۇ ئىش مۇندىن ئۆزگە بولائالماسكى، تۈرك تىلى تەئرىفىدە ئانداقكى، يۇقارىراق مەزكۇر بولدى ــ باۋۇجۇد ئەلفاز كەسرەتى ۋە ئىبارات ۋۇسئەتى ۋە مەئانى غەرابەتى ۋە ئەدا سەلاسەتى ــ دىلپەزىر باغلاماقتە سوئۇبەت بار ۋە دىلپەسەند تەرتىب بىرمەكتە تەبئ رەنج ۋە ئۇقۇبەت تاپار.

لازىم كۆرۈندى تۈرك تىلى شەرھىدە بىر نىچچە ۋەرەققە زىيب ئارايىش بىرمەك ۋە ئاندا ھەزرەتى سۇلتانۇس سەلاتىن مۇلايەمەتى تەبئ ۋە مەھارەتى زىھنلارىن شەرھ ئېتمەك ۋە ھۇمايۇن رائىيلارى

تەرتىپ بېرگەن دىۋان بابىدا بىر نېچچە سۆز گۈستاخلىق يۈزىدىن سۈرمەك ۋە ئۇل ھەزرەت كەمالى دانالىق ۋە ۋۇقۇفى تەۋانالىق نىھايەتىدىن بۇ فەن ئەسھابىغە ۋە بۇ فەزل ئەربابىغە تەئلىملەر بېرىپ ۋە تەلقىنلەر قىلىپ، بۇلار ئۇل ھەزرەتنىڭ دەقىق سۆزىنى يا ئاڭلاماي، يا ئاڭلاسالار بۇيۇرۇلغان يۇسۇن بىلە ئەمەل قىلماي، يا قىلائالماي.

ۋە بۇ زەئىف خاكسار ئۇل ھەزرەتنىڭ قۇدسى نەفەسى پاسىنى ئاسراپ ۋە ۋاجىبۇل ئىزئان ھۆكۈملەرىغە ئىتائەت ۋە فەرمانبەردارلىق قىلىپ، كۆڭلۈمدىن ۋە تىلىمدىن كەلگەنچە ۋە قەلەمىم ۋە ئىلكىمدىن قۇۋۋەت فەھم قىلغانچە ئۇل ھەزرەتقە ــ باۋۇجۇد بەندەلىغ ۋە ئۇل بەندەلىغ بىلە سەئادەتمەندلىغ ۋە فەرخۇندەلىق ــ شاگىردلىككە داغى ئۆزۈمنى مۇشەررەف ۋە ئەرجۇمەند ۋە مۇباھى ۋە سەربۇلەند قىلدىم.

ۋە يىللار تۈرك تىلى ۋە نەزمى قائىدە ۋە ئۇسلۇبىدا بىلمەگەنلەرىمنى سورۇپ ۋە مۇشكىللەرىمنى ھەللالى مۇشكىلاتىم تاپۇغىدا ئەرزغە يېتكۈرۈپ، ئەزىم فايىدەلەر تاپىپ، كۆللى نەتىجەلەر كۆردۈم. ئۇل ھەزرەتنىڭ تەئلىمى ۋە تەربىيەتى بىلە ۋە رەھنەمايلىغى ۋە تەقۋىيەتى بىلە ئىشىم ئۇل يېرگە يېتتىكىم، ئۇل ھەزرەت ئۆز پاك تەبئلارى نەتىجەسىدىن زاھىر بولغان رىسالەدۇركى①، ئۆز مەئارىف نىگار كىلكى تەھرىرى ئېردى ۋە ئۆز لەتايىف ئاسار نۇتقى تەقرىرى ــ ئەلقابىمنى يۇقارى ئەدا قىلدىمكى، نى ئۇنۇۋان بىلە سەبت قىلدىلەركى، مۇكەررەر قىلماق ھاجەت ئېرمەس.

---

① بۇ سۆز بىز ئاسالانغان مەتىندە ”رىسالەدار“ يېزىلىپ قالغان.

بۇ بەندەغە ھەم چۈن بۇ نەۋدٔ ئەزىم دەۋلەتىكى، ھەق سۇبھانە-ھۇۋەتەئالانىڭ «ئەلمۇتەكەللىم» دىگەن ئىسمىغە مەزھەرىييەت بولغاي ۋە خەلايىق ئاراسىدا تەكەللۇمدا ئەقران ۋە ئەمسالدىن ئىمتىياز ۋە ئىئتىبار ئۇلۇغ ئات بىلە ئاۋازە ۋە ئىشتىھارغەكى، ئول ھەزرەتنىڭ ئىنايەت ۋە ئىھتىماملارى بائىس بولدى. ۋە يۇقارى مەزكۇر بولغان دەۋاۋىن ۋە مەسنەۋى ۋە ساير كۇتۇب ۋە رەسايىلى مەئنەۋىكى، تا ئالەم بىناسىدۇر بۇ تايىفەدىن ھىچكىمگە دەست بىرمەيدۇر ۋە ئىختىرائى مۇيەسسەر بولمايدۇر — دەست بىردى ۋە مۇيەسسەر بولدى.

ئەگەرچە بارچەنى ئول ھەزرەتنىڭ شەرىف ئىسمىغە مۇخەييەل ۋە ھۇمايۇن ئەلقابىغە مۇزەييەل قىلىپىمەن، بولارنى ساير ئىنايەتلەر مۇقابەلەسىدە تۇتۇپ «ئەلمۇتەكەللىم» ئىسمىغە مەزھەرىيەتىم ئۆزرىغە تۈركى ۋە سارت لۇغەتى كەيفىييەتى ۋە ھەقىقەتى شەرھىدە بۇ رىسالەنى جەمئ قىلىپ بىتىدىم، ۋە ئاتىغا «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ئات قويدۇم.

تا تۈرك ئەھلى تىلى فەساھەت ۋە دىققەتى ۋە بەلاغەت ۋە ۋۇسئەتىكى، ئول ھەزرەت بۇ تىل ۋە ئىبارەت بىلە نەزم بىساتى تۈزۈپدۇرلەر ۋە مەسىھا ئەنفاسى ۋە خىزىر زۇلالىدىن ئۆلۈك تىرگۈزمەك تەرىقىن ئالەم ئەھلىغە كۆرگۈزۈپدۈرلەر، زاھىر قىلدىم.

ۋە خەيالىمغە مۇنداق كىلۇركىم، تۈرك ئۇلۇسى فەسىھلارىغە ئۇلۇغ ھەقق سابىت قىلدىمكى، ئۆز ئەلفاز ۋە ئىبارەتلەرى ھەقىقەتى ۋە ئۆز تىل ۋە لۇغەتلەرى كەيفىييەتىدىن ۋاقىف بولدىلەر ۋە فارسى-گويلارنىڭ ئىبارەت ۋە ئەلفاز بابىدا تەئنى قىلۇر سەرزەنىشىدىن قۇتۇلدىلەر.

ئالار داغى رەنج ۋە مۇشەققەتىم مۇقابەلەسىدە، چۈن بۇ مەخفى

ئىلمدىن زاھىر قىلىپمىن، ۋۇقۇف تاپسەلەر ئۈمىد ئولكىم، بۇ فەقىرنى خەير دۇئاسى بىلە ياد قىلغايلەر ۋە روھۇمنى ئانىڭ بىلە شاد قىلغايلەر.

رۇبائى

بۇ نامەكى، يازدى قەلەمىم تارتىپ تىل
تارىخىن ئانىڭ جۇمادىيۇل ئەۋۋەل بىل
كۈنىنىڭ رەقەمىنى چارشەنبە قىلغىل
توققۇز يۈز يىلدىن ئۆتۈپ ئېردى بېش يىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# لۇغەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىيىسى

## ئا

ئاتەشكەدە (آتشكده) ئوتخانا، چوغدان؛ ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسى.

ئاتەشگاھ (آتشگاه) ق.* ئاتەشكەدە.

ئاراستە (آراسته) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن؛ رەتلەنگەن.

ئارايىش (آرايش) بېزەش، زىننەتلەش؛ تىزىش، رەتلەش.

ئارى (عارى) يالىڭاچ؛ مەھرۇم قالغان، قۇرۇق قالغان.

ئاسار (آثار) ئەسەر (اثر)نىڭ كۆپلۈكى: ئەسەرلەر؛ ئىزلار.

ئاسانلىقتا بولا (آسانليق ده بولا) ئاسان دەپ، ئاسانلىق قوغلىشىپ.

ئاشۇب (آشوب) ئىزتىراپلىق، ئالاقزادىلىك؛ تېڭىرقىغان.

ئاغاز (آغاز) باشلاش.

ئافەرىنىش (آفرينش) ئىجات قىلىش، تىكلەش، قۇرۇش.

ئالىھەت تەيىبىن (آله الطيبين) ياخشىلارنىڭ مۇقەددەسى.

ئالەمەين (عالمين) ئىككى ئالەم، ئۇدۇنيا ـ بۇ دۇنيا.

ئامىزىش (آميزش) ئارىلىشىش، قوشۇلۇپ كېتىش، بىرىكىش؛ باردى ـ كەلدى قىلىشىش.

ئامم (عام) ئامما.

ئاھەنگ (آهنگ) كۈي، ئاھاڭ؛ خاھىش، مەيل؛ ئۇسۇل، چارە.

ئاھۇ (آهو) كىيىك؛ ئارقار.

---

* ق. — ”قاراڭ“ مەنىسىدە.

ئاۋازە (آوازە) سادا، ئاھاڭ؛ ئاتاق، شۆھـرەت؛ ھېكايە، چۆچەك
ئاۋىزە (آويزە) بويۇن ئاسقۇ، ھالقا، بېزەك.
ئايىن (آيين) بېزەك، زىـننەت؛ زىـننەتـلەش، بېـزەش؛ ئادەت، رەسىم؛ نىزام، قائىدە؛ تەلىمات؛ ئېتىقاد.

## ئە

ئەبرە (عبرە) ياش تامچىسى ك.* تامچە؛ كىچىككىنە.
ئەبرى بەھار (ابربهار) باھار بۇلۇتى.
ئەبكار (ابكار) بىكر (بكر) نىڭ كۆپلۈكى: قىزلار؛ قىزلىقلار؛ پاكلىقلار؛ ئېچىلمىغان يەرلەر، بوز يەرلەر.
ئەبۇت تۈرك (ابوالترك) تۈركلەرنىڭ ئاتىسى؛ تۈركىيلەرنىڭ ئاتىسى.
ئەبۇل فۇرس (ابوالفرس) پارسىيلارنىڭ ئاتىسى.
ئەبۇل ھىند (ابوالهند) ھىندىلار ئاتىسى.
ئەبۋاب (ابواب) «باب»نىڭ كـۆپـلۈكـى: ئىشـىـكـلەر؛ باپـلار، ماۋزۇلار.
ئەئتەيتۇ زەيدەن دىرھەمەن (اعطيت زيـدا درهـما) مەن زەيـدگە دەرەم (پۇل) بەردىـم. بۇ ئەرەبـچـە جۈمـلـىـدە "زەيـد" بىلەن "دىـرھەم" "بەرمەك" پېئىلىنىڭ ئىككى تولدۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەتباﺋ (اتباع) تەبەﺋ (طبع) نىڭ كۆپلۈكى: تەۋەلەر، قاراشـلىقلار،

---

* ك. — كۆچمە مەنىسى دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەشكۈ چىلەر.

ئەتراك (اتراك) تۈرك (ترك)نىڭ كۆپلۈكى: تۈركلەر؛ تۈركىيلەر.

ئەتفال (اطفال) تىفل (طفل)نىڭ كۆپلۈكى:باللار.

ئەتۋار (اطوار) پائالىيەت، ئىش-ھەرىكەت؛ يۈرۈش-تۇرۇش.

ئەجزا (اجزا) جۇزئ (جزء)نىڭ كۆپلۈكى: قىسىملار، بۆلەكلەر، پارچىلار، قىسمەتلىكلەر.

ئەجلاف (اجلاف) جىلق (جلف)نىڭ كۆپلۈكى: كالۋالار، مېڭىسى ئىشلىمەيدىغانلار؛ ياۋايىلار؛ قارامىلار.

ئەجناس (اجناس) جىنس (جنس)نىڭ كۆپلۈكى: تۈرلەر، خىللار، جىنسلار.

ئەجەب (عجيب) ئاجايىپ، قالتىس؛ غەلىتە.

ئەختەر (اختر) يۇلتۇز.

ئەختەرى فەرخۇندە (اختر فرخنده) سائادەت يۇلتۇزى.

ئەخگەر (اخگر) چوغ.

ئەدەد (عدد) سان، ساناق؛ ساناش.

ئەرەبى (عربى) ئەرەبچە؛ ئەرەب مىللىتىگە خاس.

ئەرەق (عرق) تەر؛تەرلەش؛ ھاراق؛ مېغىز، جەۋھەر

ئەربەئىن (اربعين) قىرىق.

ئەرجەمەند (ارجمد) ئالىيجاناپ؛ سۆيۈملۈك.

ئەرزال (ارذال) رەزىل (رذيل)نىڭ كۆپلۈكى: رەزىللەر، پەسلەر.

ئەزھەرە(اظهر) زاھىر قىلماق (پىيئىل)، گەۋدىلەندۈرمەك.

ئەزىم (عظيم) كاتتا، بۈيۈك، چوڭ، ئۇلۇغ.

ئەسالەت (اصالت) ئىسىللىق، ئالىيجانابلىق.

ئەسبابى رەزم (اسباب رزم) ئۇرۇش ئەسۋابلىق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەسرۇ (اسرو) بەك، ئىنتايىن.
ئەسما (اسما) ئىسىملار.
ئەسناف (اصناف) سىنىپ (صنف) نىڭ كۆپلۈكى: تۈرلەر؛ سىنىپلار.
ئەسهاب (اصحاب) ساھىب (صاحب) نىڭ كۆپلۈكى: ئىگىلەر، خوجايىنلار؛ دوستلار، بۇرادەرلەر؛ شېرىكلەر.
ئەسهابىھىت تاھىرىن (اصحابه الطاهرين) پاكلارنىڭ ساھىبى.
ئەشراف (اشراف) شەرىف (شريف) نىڭ كۆپلۈكى: كاتتىلار، ئالىيجانابلار، ئېسىللار.
ئەشك (اشك) كۆز يېشى.
ئەشكرىز (اشك ريز) ياش ئاققۇزغۇچى، ياش تۆككۈچى.
ئەفازە (افاضى) يۇكسەلدۈرمەك، ئاشۇرماق (پېئىل).
ئەفسەھ (افصح) ھەممىدىن پاساھەتلىك، ئەڭ پاساھەتلىك.
ئەفكەندە (افكنده) تاشلاندۇق، تاشلىۋېتىلگەن.
ئەفكەندەئى بىئىئتىبار (افكندهٔ بى اعتبار) يارىماس، يارامسىز
ئەفگار (افگار) مەجرۇھ، يارىدار؛ قايغۇلۇق، غەمكىن.
ئەقالىم (اقاليم) ئىقلىم (اقليم) نىڭ كۆپلۈكى: رايونلار، جايلار.
ئەقران (اقران) قەرن (قرن) نىڭ كۆپلۈكى: ئەسىرلەر؛ مۆڭگۈزلەر؛ چاچلار.
ئەلەس سەۋىيىيە (على السويه) باپباراۋەر، ئوخشاش سەۋىيىلىك، تەڭ قىممەتتىكى.
ئەلەم (علم) بايراق؛ نامايەندە؛ بەلگە، نىشان؛ كاتتا زات. ك. خاس ئىسىم.
ئەلەيھىس سەلات ۋەس سەلام (عليه الصلوة والسلام) ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام.

ئەلبىسە (البسه) لىباس (لباس)نىڭ كۆپـلۈكى: كىيىم ـ كېچەكلەر.
ئەلفاز (الفاظ) لەفز (لفظ)نىڭ كۆپلۈكى: تىللار.
ئەلقاب (القاب) لەقەب (لقب)نىڭ كۆپلۈكى: لەقەبلەر.
ئەللام (علام) ھەممىنى بىلىدىغان، بىلمەيدىغىنى يوق.
ئەلمۇتەكەللىم (المتكلم) سۆزلىگۈچى.
ئەلمۇتەخەللىس بىننەۋايى (المتخلص بالنوايى) ناۋايى تەخەللۇسلۇق.
ئەلھان (الحان) لەھن (لحن)نىڭ كۆپلۈكى ئاھاڭلار، كۈيلەر، نەغمىلەر.
ئەمتازە (امتاز) ئىمتىيازلىق قىلماق (پېئىل)، يۈكسەك قىلماق.
ئەمر (امر) بۇيرۇق؛ ئىش، ئەمەلىي ئەھۋال، ھەقىقىي ھال.
ئەمسال (امثال) مىسل (مثل)نىڭ كۆپلۈكى: مىساللار، ئوخشاشلىقلار.
ئەمم (عم) تاغا (دادىنىڭ ئاكىسى).
ئەمىق (عميق) چوڭقۇر.
ئەمىن (امين) ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن؛ ئىش باشقۇرغۇچى؛ قوغدىغۇچى.
ئەنە (انا) مەن.
ئەنباز (انباز) ھەمشېرىك، شېرىك؛ خىزمەتداش.
ئەنجام (انجام) ئورۇنلاش، ئىشقا ئاشۇرۇش؛ يۈرگۈزۈش.
ئەنجۇمەن (انجمن) ئۇيۇشما، تەشكىلات، جەمئىيەت، ك. بەزمە.
ئەنجۇم سىپاھ (انجم سپاه) ك. كاتتا قوماندان.
ئەندەلىب (عندليب) بۇلبۇل.
ئەندەلىبى نەغمەسەرا (عندليب نغمەسرا) خۇش ناۋا بۇلبۇل.

ئەندۇھ (اندوه) دەرت؛ ئازاپلىنىش؛ ھەسرەتلىنىش.
ئەنزەلنا (انزلنا) چۈشۈردۇق (پېئىل).
ئەنفاس (انفاس) نەفەس (نفس) نىڭ كۆپلۈكى؛ دەملەر، نەپەسلەر.
ئەنۋائ (انواع) نەۋئ (نوع) نىڭ كۆپلۈكى؛ تۈرلەر، خىللار.
ئەنۋارى ھەقايىق (انوارحقايق) ھەقىقەت نۇرلىرى.
ئەھادىس (احاديث) ھەدىس (حديث) نىڭ كۆپلۈكى: ھەدىسلەر،
سۆزلەر، سۆھبەتلەر؛ ھېكايىلەر، چۆچەكلەر.
ئەھادىسى سەئادەت ئەنجام (احاديث سعادت انجام) سائادەت بې-
غىشلىغۇچى
سۆزلەر.
ئەھفاد (احفاد) ھەفىد (حفيد) نىڭ كۆپلۈكى: نەۋرىلەر.
ئەھلۇللاھ (اهل الله) خۇدانىڭ ئەھلى؛ ئەۋلىيا.
ئەھلى تەبئ (اهل طبع) تالانتلىقلار؛ ھەۋەسكارلار؛ ئەدەبىياتچىلار.
ئەھلى دانىش (اهل دانش) زىيالىلار؛ ئالىملار.
ئەۋاخىر (اواخر) ئاخىر (آخر) نىڭ كۆپلۈكى: ئاخىرلار، كېيىنلەر.
ئەۋان (اوان) ئان (آن) نىڭ كۆپلۈكى: چاغلار، ۋاقىتلار، ئانلار.
ئەۋائىل (اوائل) ق. ئەۋايىل.
ئەۋايىل (اوايل) "ئەۋۋەل" نىڭ كۆپلۈكى: دەسلەپكى چاغلار.
ئەۋراق (اوراق) ۋەرەق (ورق) نىڭ كۆپلۈكى: ۋاراقلار؛
يوپۇرماقلار.
ئەۋسەت (اوسط) ئوتتۇرا، مەركەز، بەل؛ ئوتتۇرىدىكى.
ئەۋقات (اوقات) ۋەقت (وقت) نىڭ كۆپلۈكى: ۋاقىتلار، چاغلار،
مەزگىللەر.
ئەۋلاد (اولاد) ۋەلەد (ولد) نىڭ كۆپلۈكى: ئوغۇل باللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

ئەۋلىيائۇللاھ (اولياءالله) ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى.
ئەۋلىيايى كىبار (اولياى كبار) كاتتا ئەۋلىيالار.
ئەينۇل ھەيات (عين الحيات) ھايات بۇلىقى.
ئەييام (ايام) يەۋم (يوم)نىڭ كۆپلۈكى:كۈنلەر.

## ب

بادە (بادە) ھاراق؛ قەدەھ، ھاراق رومكىسى.
باغبان (باغبان) باغۋەن؛گۈلچى، گۈل ئۆستۈرگۈچى.
باقا (باقا) بېقىپ.
بانگ (بانگ) ۋارقىراش-جارقىراش؛ غۇلغۇلا.
باۋۇجۇد (باوجود) گەرچە؛ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ ئۈنۈملۈك؛ يارامىلىق، ئېسىل؛ ئىستىقبالىلىق.
بائىس (باعث) سەۋەپ، بانا.
بايىر (باير) بوز يەر؛ ئادىمىزاتسىز يەر.
بەدايىئول ۋەسەت (بدايع الوسط) ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى.
بەر (بر) نەتىجە، مېۋە؛ مەنپەئەت.
بەرادەر (برادر) قېرىنداش (ئاكا ياكى ئۇكا).
بەرتەر (برتر) يۇكسەك، ئۈستۈن.
بەرر [1] (بر) ئەخلاقلىق، پاك، سادىق.
بەرر [2] (بر) قۇرۇقلۇق.
بەرق (برق) چاقماق، چېقىن؛ چاقماق يورۇقى، نۇر.
بەرقكەردار (برق كردار) چاقناپ تۇرىدىغان، جۇلالىق.
بەرىن (برين) مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك؛ ئالىي، يۇكسەك.

بەزم ئەفروز (بزم افروز) بەزمنى يورۇتقۇچى؛ بەزمنى قىزىتقۇچى.
بەسا (بسا) نۇرغۇن، كۆپ؛ دائىم، ھەمىشە.
بەسارەت ئەھلى (بصارت اھلى) ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر، كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەر.
بەشەر (بشر) ئىنسان؛ ئىنسانىيەت.
بەلاغەت (بلاغت) يېتىكلىك.
بەھانە (بھانە) بانا.
بەھايىم (بھايم) بەھىمە (بھيمە) نىڭ كۆپلۈكى: ھايۋانلار، تۆت ئاياغلىقلار.
بەھر (بحر) دېڭىز، دەريا.
بەھرەياب (بھرەياب) بەھرىمەن.
بەھرى ئۇممان (بحرعمان) ئۇممان دەرياسى؛ دېڭىز.
بەياز (بياضى) ئاق، ئاق رەڭلىك؛ سوت؛ ئۇزۇندىلەر توپلىمى.
بەيتۇل ئىنتىزام (بيت الانتظام) ئىنتىزامخانا.
بورچىن (بورچين) چىشى ئۆردەك.
بورد (برد) ئۇتۇش، ئۇتۇۋېلىش، يېڭىش، غالىب كېلىش.
بۇرۇدەت (برودت) سوغۇقلۇق، سوغۇق.
بۇرھانى قاتىئ (برھان قاطع) كۈچلۈك دەلىل.
بۇزرۇگۋار (بزركوار) ئۇلۇغ، بۈيۈك؛ ئالىيجاناب.
بۇلئەجەب (بوالعجب) تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك.
بۇلەغا (بلغا) بەلىغ (بليغ) نىڭ كۆپلۈكى: يېتىكلىكلەر، بالاغەتلەر.
بۇلەند (بلند) ئېگىز، يۈكسەك، ئالىي.
بۇلەند ئاۋازە قىلماق (بلند آوازە قيلماق) ياڭراتماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىئەجمەئىھم (باجمعهم) ئۇلارنىڭ ھەممىسى.
بىئەنباز (بى انباز) تەڭدىشى يوق، مىسلىسىز.
بىباك (بى‌باك) قورقماس، قورقۇشنى بىلمەيدىغان.
بىسات (بساط) سېلىنچا، گىلەم، زىلچا.
بىشۇمار (بى شمار) سانسىز، بىھېساب، سانىغىلى بولمايدىغان.
بىغايەت (بى غايت) چەكسىز، چېگراسىز، بىپايان.
بىلاد (بلاد) دۆلەت، رايون، يۇرت، دىيار.
بىلكۇلل (بالكل) ھەممىسى، بارلىقى؛ ئومۇمىيۈزلۈك.
بىمار (بيمار) كېسەل.
بىنەزىر (بى نظير) تەڭداشسىز.
بىنىھايەت (بى نهايت) تۈگىمەس، چەكسىز، پايانسىز.
بىيەدى (بيدى) قولۇم بىلەن، ئۆز قولۇم بىلەن.
بىيەدىھى (بيده) قولى بىلەن، ئۇنىڭ قولى بىلەن.
بىيىشە (بيشه) ئورمانلىق، توقايلىق؛ قومۇشلۇق.
بىينا (بينا) كۆرەلەيدىغان، ئۆتكۈر كۆزلۈك؛ ئۆتكۈر.

## پ

پايە (پايه) ئاساس، ھۇل؛ دەرىجە، مەرتىۋە، ئۇنۋان.
پەرتەۋ (پرتو) نۇر.
پەس (پس) ئارقا تەرەپ؛ كېيىن، ئارقىدىن؛ شۇڭا.
پەھلەۋى ئەفسانە پەرداز (پهلوی افسانه‌پرداز) كونا پارس تىلى بىلەن ھېكايە قىلغۇچى.

پەي (پى) ئاساس، هۇل؛ ئىز، ئەسەر؛ چۈشىنىش، پەم قىلىش.
پوختەن (پختن) قاينىتىش، پىشۇرۇش.
پويە (پويە) يۈگۈرۈش، يۈگۈرۈپ يۈرۈش.
پىچ (بيچ) تۈگۈن، چىگىك؛ چىگىلگەن، تولغاشقان.
پىراستە (پيراستە) بېزەنگەن، ياسانغان، زىننەتلەنگەن.
پىشە (پيشە) كەسپ، هۈنەر، سەنئەت؛ئادەت.
پىشرەۋ (پيش رو) سەردار، ئالدىدا باشلاپ ماڭغۇچى.
پىشكەش (پيشكش) سوۋغا، تارتۇق.
پىنهان (پنهان) يوشۇرۇن؛ يوشۇرۇش.

## ت

تابۇغ (تابوغ) خىزمەت.
تازيانە (تازيانە) قامچا.
تاق (طاق) گۈمبەز.
تەئەررۇز (تعرضى) قارشى قويۇش، تاقابىل تۇرۇش؛ هۇجۇم قىلىش.
تەئەققۇل (تعقل) مۇلاھىزە، چوڭقۇر ئويلاش؛ ئەقىل-پاراسەت.
تەئەللۇم (تعلم) ئۆگىنىش.
تەئەممۇق (تعمق) چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ چوڭقۇرلۇق.
تەئەممۇل (تأمل) چوڭقۇر مۇلاھىزە، چوڭقۇر ئويلاش، ئويغا چۆكۈش.
تەتەببۇئ (تتبع) تەتقىقات، ئىزدىنىش؛ نەزىرە.
تەتۋىل (تطويل) ئۇزارتىش، سوزۇش.

www.uyghurkitap.com

تەجنىس (تجنيس) ئىككى بىسلىق سۆز؛ ئاھاڭداش سۆز، ئومونىم.
تەجنىس ئامىز (تجنيس آميز) ئىككى بىسلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان.
تەجنىسى تەم (تجنيس تام) تولۇق ئومونىم، تولۇق تەجنىس.
تەخەللۇف (تخلف) خىلاپلىق، خىلاپلىق قىلىش، لەۋزىدە تۇرماسلىق.
تەخەييۇل (تخيل) خىيال، تەسەۋۋۇر.
تەخسىس (تخصيصى) مەخسۇس، خاس؛ مەخسۇس تەيىنلەنگەن.
تەئخىر (تأخير) ئارقىغا سوزۇش، كېچىكتۈرۈش.
تەدۋىن (تدوين) دىۋان تۈزۈش، توپلام چىقىرىش.
تەئدىب (تأديب) ئەدەبلەش، ئەدەب ئۆگىتىش.
تەراۋەت (طراوت) يېڭى، ياش، ئەۋرىشىم، يۇمشاق.
تەرەددۇد (تردد) ئىككىلىنىش، جەزم قىلالماسلىق.
تەرەننۇم (ترنم) ناخشا ئوقۇش، كۈي كۈيلەش؛ ناخشا، كۈي.
تەرجۇمە (ترجمه) تەرجىمە؛ ئىزاھلاش.
تەرجىھ (ترجيح) ئۈستۈنلۈك؛ يان بېسىش.
تەرسىئ (ترصيع) مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن؛ نەسردە قاپىيىداش سۆزلەرنى قوللىنىش.
تەرفىھ (ترفيه) خاتىرجەم قىلىش؛ خاتىرجەملىك.
تەركىب (تركيب) قۇراشتۇرۇش.
تەرىق (طريق) يول، ئۇسلۇب، چارە.
تەزيىن (تزيين) زىننەتلەش، بېزەش؛ زىننەت، بېزەك.
تەسلىم (تسليم) سالام، ھۆرمەت؛تاپشۇرۇش؛ ئەل بولۇش.
تەسنىف (تصنيف) تۈرگە ئايرىش، تۈركۈمگە بۆلۈش؛ ئەسەر.
تەشرىف (تشريف) شەرەپلىك؛ شەرەپكە ئېرىشتۈرۈش.

تەشۋىر (تشوير) ئالاقزادىلىك، ئەنسىزلىك.
تەغەييۇر (تغير) ئۆزگىرىش؛ غەيرىيلىك.
تەغيىر (تغيير) ئۆزگەرتىش؛ غەيرىيلەشتۈرۈش.
تەفاۋۇت (تفاوت) پەرق.
تەفھىم (تفهيم) چۈشەندۈرۈش، چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇرۇش.
تەقرىر (تقرير) بايان، بايان قىلىش؛ ئىسپات، ئىسپاتلاش.
تەقسىر (تقصير) قىسقارتىش، كېمەيتىش، ئازايتىش.
تەقۋىييەت (تقويت) مەدەت بېرىش، قوللاش؛ كۈچەيتىش.
تەكەللۇم (تكلم) گەپ، سۆز؛ سۆزلەش، گەپ قىلىش.
تەلقىن (تلقين) تەلىم، تەلىمات، يولىيورۇق؛ ئاغزاكى بايان.
تەئلىف (تأليف) تىپلەش، تۈزۈش؛ ئەسەر، ئۆلپەتچىلىك، دوستانىلىق.
تەئمىيە (تعميه) بېزەش، زىننەتلەش، ياساش.
تەئمىيەئامىز (تعميه آميز) بېزەكدار، زىننەتلەنگەن، ياسداق.
تەنەۋۋۇئ (تنوع) خىلمۇخىللىق؛ تۈر، خىل،
تەنگ (تنگ) تار، قىستاڭچىلىق جاي؛ قىسقا؛ بەلباغ، كەمەر.
تەھسىن (تحسين) ئارزىلاش، ئالىي بىلىپ چوقۇنۇش، ئاپىرىن ئېيتىش.
تەھقىق (تحقيق) سۈرۈشتۈرۈش، تەكشۈرۈش؛ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، راست-يالغىنىنى ئايرىش، ھەقىقەتلەش.
تەۋارىخ (تواريخ) تارىخ (تاريخ)نىڭ كۆپلۈكى: تارىخلار.
تەۋانا (توانا) كۈچلۈك؛ باي.
تەۋائىف (طوائف) تائىفە (طائفه)نىڭ كۆپلۈكى: تائىپىلەر.
تەۋايىف (طوايف) ق. تەۋائىف.

تەۋر (طور) ئۇسلۇب، چارە.

تەئيين (تعيين) تەيىن؛ تەيىنلەش، بەلگىلەش.

توركتاز (تركتاز) ھۇجۇم قىلىش؛ تاجاۋۇز قىلىش؛ تالان-تاراج قىلىش.

تۇران (توران) ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ قەدىمىي نامى.

تۇرفە (طرفه) تېپىلغۇسىز، ئاز ئۇچرايدىغان؛ قىزىقارلىق، ئاجايىپ.

تۇغرايى سەئادەت (طغراى سعادت) سائادەت گىربى.

تۇيۇر (طيور) تەير (طير)نىڭ كۆپلۈكى: قۇشلار.

تۇيۇغ (تويوغ) تۇيۇق.

تۆھفەتۇل ئەفكار (تحفةالافكار) مەجرۇھ سوۋغىسى.

تۈركيگوي (تركى كوى) ئەسەرنى تۈركىي تىل بىلەن يازغۇچى.

تىراز (طراز) زىننەت، نەقىش.

تىزگام (تيزگام) يۈگۈرەك، تېز يۈرەر.

تىير (تير) ئوق؛ ئوقيا ئوقى؛ ئوق ئۈزۈش، ئوقيا ئېتىش.

تىيرە (تيره) قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك.

تىينەت (طينت) لاي.

تىينەتۇ ئادەمىن (طينةآدم) ئادەمنىڭ لېيى.

## ج

جادە (جاده) يول، داغدام يول.

جادۇيى ھىند (جادوى هند) ھىندى سېھىرگەرى.

جامئى مەئانى (جامع معانى) مەنىلەر جەم بولغان، مەنىلەر توپلانـ غان؛ مەنىلەرنى جەملىگۈچى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جامئىييەت (جامعيت) ئومۇمىيەت، كوللېكتىۋىزم.
جانىب (جانب) تەرەپ؛ يان تەرەپ.
جاھ (جاه) ئورۇن، ماكان؛ مەنسەپ، مەرتىۋە.
جائىز (جائز) ق. جايىز.
جايىز (جايز) رۇخسەتلىك، يوللۇق؛ ئىمكانىيەتلىك، قىلىشقا
بولىدىغان.
جەلائۇر روھ (جلاءالروح) روھ جۇلاسى.
جەللۇ ئەلا (جل وعلا) ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك، كاتتا ۋە بۈيۈك.
جەمائەتى خوب (جماعت خوب) گۈزەللەر.
جەننات (جنات) جەننەت (جنت) نىڭ كۆپلۈكى: جەننەتلەر باغلار.
جەھانبان (جهانبان) ئىمپېراتور، جاھاننىڭ خوجايىنى.
جەۋاھىرى سەمىن (جواهر شمين) بىباھا جەۋھەرلەر.
جەۋشەن (جوشن) ساۋۇت.
جۇزئ (جزء) قىسمەن؛ بۆلەك، پارچە.
جۇزۋ (جزو) ق. جۇزئ.
جۇزۋى (جزوى) قىسمەن.
جۇزئىييات (جزئيات) تەپسىلات، ئوجۇر-بوجۇر؛ ئۇششاق-
چۈششەك ئىش، ئەرزىمەس ئىش.
جۇزىييات (جزييات) ق. جۇزئىييات.
جۇمادىل ئەۋۋەل (جمادى الاول) 5-ئاي.
جىبال (جبال) جەبەل (جبل) نىڭ كۆپلۈكى: تاغلار.
جىبىللى (جبلى) تۇغما، تەبىئىي.
جىلۋە نەماي (جلوه نماى) جىلۋىدار، جىلۋە كۆرسەتكۈچى.
جىم (جيم) چاغاتايچىدا "ج" ھەرپىنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

جىهات (جهات) جىهەت (جهت)نىڭ كۆپلۈكى: تەرەپلەر؛ سەۋەبلەر.
جىهەت (جهت) جەھەت، تەرەپ، سەۋەپ.

## چ

چابۇكسۇۋار (چابكسوار) چەۋەنداز.
چاشنى (چاشنى) تەم؛ تەم كىرگۈزگۈچى.
چەرخى گەردان (چرخ كردان) چۆگىلەپ تۇرىدىغان چاق؛
ئايلىنىپ تۇرىدىغان پەلەك.
چۇرپە (چورپه) توڭگۇز كۈچۈكى.
چىھرە گۇشاي (چهره كشاى) چىراي ئاچقۇچى، چىراي
كۆرسەتكۈچى.

## خ

خاتەم (خاتم) ئۈزۈك، مۆھۈرسىمان ئۈزۈك. ك. مۆھۈر.
خاتىرنىشان (خاطرنشان) كۆرسىتىپ بەرمەك؛ ئاگاھلاندۇرماق؛
ئەستە تۇتماق؛ ئەستە مەھكەم ساقلاش.
خار (خار) تىكەن.
خاسسە (خاصه) ئۆزىگە خاسلىق، ئالاھىدىلىك، خاسلىق.
خاكدان (خاكدان) ئەخلەت ساندۇقى. ك. دۇنيا، بۇ ئالەم.
خاكسار (خاكسار) توپىغا چۈمۈلگەن؛ ئەرزىمەس؛ كەمتەر، كەمىنە.
خال (خال) تاغا (ئانىنىڭ ئاكىسى)؛ خال، مەڭ.
خامە (خامه) قومۇش قەلەم؛ ئەدەبىي ئۇسلۇب؛ مىغىز، جەۋھەر.

خامەئى قۇدرەت (خامە قدرت) قۇدرەت قەلىمى.
خامۇشى (خاموشى) جىمجىت.
خاھ (خواه) مەيل؛ مەيلى.
خاھەر (خواهر) ھەمشىرە، ئاچا ياكى سىڭىل.
خەدەنگ (خدنگ) ئوقيائوقى.
خەراباتى (خراباتى) مەيخانا ئەھلى، ئىچەرمەن؛ بىكار تەلەپ.
خەراش (خراش) تىلىش، تىلغاش، يىرتىش؛ تاتىلاش، تاملاش.
خەزائىن (خزائن) ق. خەزايىن،
خەزايىن (خزاين) خەزىنە(خزينه)نىڭ كۆپلۈكى: خەزىنىلەر.
خەسىم (خصم) رەقىب، قارشى تەرەپ؛ دۈشمەن.
خەسىس (خسيس) پەسكەش، شەرمەندە؛ بېخىل.
خەلەف (خلف) ئىز باسار، ۋارىس؛ پۇشت، كېيىنكى ئەۋلاد.
خەللاق (خلاق) ئىجاد قىلغۇچى، ياراتقۇچى.
خەللاقۇل مەئانى (خلاق المعانى) مەنىلەر ئىجادكارى.
خەللەدە (خلد) مەڭگۈلۈك قىلماق (پېئىل).
خەممەرتۇ (خمرت) يۇغۇردۇم (پېئىل)، خېمىرقىلدىم.
خەيرۇل ئەنام (خيرالانام) ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى؛ مۇھەممەد پەيغەمبەر.
خەيل (خيل) توپ، جامائەت؛ يىلقا؛ ئاتلىق قىسىم.
خورد (خورد) يېمەك-ئىچمەك؛ شۇمۇرۇش؛ قوبۇل قىلىش؛ ئۇششاق، كىچىك.
خوردە (خرده) كىچىك، ئۇششاق، پارچە.
خوردەدان (خردەدان) مۇتەخەسسىس، كەسىپ ئەھلى، ماھىر.
خوردەنى (خوردنى) يېمەك-ئىچمەك، يېگۈلۈك؛ تەملىك، مەززىلىك.

خوشەچىن (خوشەچين) باشتەرگۈچى. ك. توپلىغۇچى، يىغقۇچى.
خوشەچىنى (خوشەچينى) باشتەرگۈچى، توپلىغۇچى، رەتلىگۈچى.
خوشك (خشك) قۇرۇق، سولاشقان، قاخشال بولغان.
خوك (خوك) توڭگۇز. ك. سېمىز ئادەم.
خۇجەستە (خجسته) بەختىيار، ئامەتلىك؛ سائادەت كەلتۈرگۈچى.
خۇد (خود) ئۆزى، شەخسەن ئۆزى؛ ئۆزىنىڭ، ئۆزىگىلا خاس.
خۇرشىد (خورشيد) قۇياش.
خۇرشىد ئاسار زەمىر (خورشيد آثار ضمير) ئاپتاپ سۈپەت كۆڭۈل.
خۇرۇش (خروش) ھۇۋلاش، ۋارقىراش، چىرقىراش.
خۇش ئايەندە (خوش آينده) كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كىشىنى خۇشال قىلارلىق.
خۇش تەبئ (خوش طبع) ك. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى.
خۇلەفا (خلفا) خەلىفە (خليفه) نىڭ كۆپلۈكى: خەلىپىلەر.
خۇلد (خلد) ئەبەدىيلىك، ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك؛ جەننەت.
خۇنخار (خونخوار) قان ئىچەر، قانخور، جاللات؛ دەھشەتلىك.
خېيلى (خيلى) ئىنتايىن، بەك؛ بەك كۆپ، ئىنتايىن ئۇزۇن.
خىرەد (خرد) ئەقىل، ھوش.
خىرەدمەند (خردمند) ئاقىل، ئەقىل ئىگىسى؛ دانا.
خىلافەت (خلافت) خەلىپىلىك ئورنى؛ ئىز باسارلىق، ۋارىسلىق.
خىلقەت (خلقت) يارىتىلىش، ياسىلىش؛ ۋۇجۇدقا چىقىرىش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

## د

دارا (دارا) ئىگە، ئىگە بولغان.

داراي (داراى) ق. دارا.

دارايى ھەشەم (داراى حشم) خوجايىن، پادىشا، باي، مالدار.

دانىش (دانش) بىلىم؛ پاراسەت.

دانىشمەند (دانشمند) دانىشمەن.

دەبىر (دبير) يېزىقچىلىق، كاتىبات؛ كاتىپ.

دەبىستان (دبستان) باشلانغۇچ مەكتەپ.

دەرا (درا) ئۇمۇت؛ قوڭغۇراق، كولدۇرما.

دەراي (دراى) ق. دەرا

دەرەخشەندە (درخشنده) نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، پارلاق، كۆز قاماشتۇرىدىغان.

دەرج (درج) تىزىملاش، قوشۇش، كىرگۈزۈش؛ مۇندەرىجە.

دەردمەندانە (دردمندانه) دەرتلىك؛ مۇڭلۇق.

دەررە (دره) جىلغا، تاغ قاپتىلى؛ تاغ ئېغىزى، ئۆتەڭ.

دەريايى ئەبرار (درياى ابرار) ياخشىلار دەرياسى.

دەريايى ئىبرار (درياى ابرار) گۇناھنى يۇيۇش دەرياسى.

دەستۇر (دستور) رېتسېپ؛ ئادەت؛ قائىدە، قانۇن.

دەشت (دشت) تۈزلەڭلىك، دالا؛ بوز يەر.

دەفىنە (دفينه) كۆمۈكلۈك خەزىنە.

دەقايىق (دقايق) دەقىقە (دقيقه) نىڭ كۆپلۈكى: نازۇكلۇقلار، ئىنچىكىلىكلەر.

www.uyghurkitap.com

دەقىق (دقيق) ئىنچكە، نازۇك. ك. نازۇك پىكىر، چوڭقۇر مەنە.
دەلالەت (دلالت) يول باشلاش، يېتەكلەش؛ پاكىت، ئىسپات؛ نەسھەت.
دەلائىل (دلائل) ق. دەلايىل.
دەلايىل (دلايل) دەلىل (دليل)نىڭ كۆپلۈكى: دەلىللەر، پاكىتلار.
دەۋاۋىن (دواوين) دىۋان (ديوان)نىڭ كۆپلۈكى: دىۋانلار.
دۇد (دود) تۈتۈن، دۇت.
دۇدمان (دودمان) نەسەب، شەجەرە، سۇلالە.
دۇرەفشان (در افشان) ئاغزىدىن سۆز دۇرلىرىنى چاچىدىغان، ناتىق.
دۇرر (در) ئۈنچە، مەرۋايىت.
دۇررى سەمىن (درثمين) بىباھا ئۈنچە، قىممەتباھا مەرۋايىت.
دۇررى شاھۋار (درشاھوار) شاھانە ئۈنچە، ئېسىل مەرۋايىت.
دۇشۋار (دشوار) قىيىن، تەس، مۇشكۇل؛ خەتەرلىك.
دۇشۋار پەسەند (دشوار پسند) جاپاكەش.
دۇنۇۋۇ (دنو) پەس، پەسكەش؛ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى.
دىرەفش (درفش) بىگىز؛ ئىسكىنا؛ نەققاش پىچىقى.
دىررە (دره) تاسما قامچا، قامچا؛ تاسما كەمەر.
دىققەت (دقت) ئىنچكىلىك، نازۇكلۇق؛ ئەستايىدىللىق.
دىققەتپەسەند (دقت پسند) ئەستايىدىل.
دىلپەزىر (دلپذير) دىلغا ياقىدىغان؛ مۇناسىپ،
دىلپەسەند (دلپسند) خۇشال قىلارلىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان.
دىلسوز (دلسوز) غەمگۇزار، ھېسداش، ھېسداشلىق قىلغۇچى.
دىۋار (ديوار) سېپىل، تام.

ر

راجىئ (راجع) قايتقان، قايتىپ بارغان؛ باغلىنىشلىق، مۇناسىۋەتلىك.
راز (راز) مەخپى، خۇپىيانە.
راقىم (راقم) رەقەمچى؛ خەت كۆچۈرگۈچى؛ يازغۇچى؛ رەسسام.
راھبەر (راھبر) رەھبەر، يېتەكچى، يولباشچى.
رەخشەندە (رخشندە) پارلاق، نۇرلۇق، چاقناپ تۇرىدىغان.
رەخنەھادان (رخنھادان) تۆشۈكلۈك، نۇرغۇن تۆشۈكچىلىرى بار.
رەزم (رزم) ئۇرۇش، جەڭ، سوقۇش، تۇقۇنۇش.
رەسايىلى مەئنەۋى (رسايل معنوى) مەنىلىك رىسالىلەر، مەزمۇنلۇق كىتابچىلەر.
رەسەد (رصد) رەسەتخانا، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش مۇنارىسى؛ كۆزىتىش.
رەسم ئەھلى (رسم اھلى) ئادەتلىنىپ قالغان، مەلۇم ئىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان.
رەسۇل (رسول) ئەلچى.
رەشاد (رشاد) توغرا يول.
رەفئەت (رفعت) يۈكسەكلىك، ئۇلۇغلۇق؛ يۈكسەك، ئالىي، بۈيۈك.
رەفىئ مەكان (رفيع مكان) يۈكسەك مەرتىۋە؛ يۈكسەكلىك.
رەفىئ مىقدار (رفيعمقدار) ئالىي دەرىجىلىك؛ يۈكسەك.
رەقىب (رقيب) مۇھاپىزەت قىلغۇچى، جىسەكچى، پاسبان؛ مۇسابىقىلاشقۇچى، قارشى تەرەپ.

www.uyghurkitap.com

رەنگىن (رنگين) رەڭدار، كۆركەم رەڭلىك، گۈزەل.
رەھنەماي (رهنماى) يول باشلىغۇچى، يولباشچى.
رەۋەندە (رونده) ھەرىكەتچان، بىر جايدا تۇرمايدىغان؛ ساياھەتچى.
رەۋزە (روضه) باغ، باغچا.
رەۋزەئى روھەفزا (روضهٔ روح‌افزا) روھلاندۇرغۇچى جەننەت، ھايات بېغىشلايدىغان باغ.
رەياھىن (رياحين) رەيھان (ريحان)نىڭ كۆپلۈكى: رەيھانلار.
روبايەندە (رباينده) كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، مەپتۇن قىلارلىق.
روزگار (روزگار) ۋاقىت، چاغ؛ دەۋر، زامان؛ ئامەت؛ پۇرسەت.
روھگۇستەر (روح كستر) روھلاندۇرغۇچى، جان ئاتا قىلغۇچى.
روھۇل قۇدۇس (روح القدس) ۋەھى؛ مۇقەددەس روھ.
روھۇللاھ ئەنفاسى (روح‌الله انفاسى) ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىلىك نەپىسى.
روھى پاك (روح پاك) پاك جان.
روھى نەقدى (روح نقدى) نەق روھ؛ ئېسىل روھ؛ بايلىق.
رۇبئى مەسكۇن (ربع مسكون) يەر شارىنىڭ ئادىمىزات ياشايدىغان جايلىرى.
رۇتبە (رتبه) ئۇنۋان؛ مەرتىۋە، دەرىجە؛ ئايرىما.
رۇتۇبەت (رطوبت) نەملىك.
رۇسۇخ (رسوخ) قەيسەر، قەتئىي، چىدامىلىق، تەۋرەنمەس؛ سىڭىپ كىرىش.
رۇسۇم (رسوم) رەسىم (رسم)نىڭ كۆپلۈكى: نىزاملار، ئادەتلەر.
رىخت (ريخت) يۈز، بەت.

رىسالەت (رسالت) ۋەزىپە، بۇرچ؛ خەت ـ چەك؛ رىسالە.
رىفئەت (رفعت) ق. رەفئەت.
رىياھىن (رياحين) ق. رەياھىن.

## ز

زاتى (ذاتى) تەبئىي، تۇغما.
زادە (زاده) بالا، ئەۋلاد؛ تۇغۇلغان، تۆرەلگەن.
زادەئى تەبئى (زاده طبعى) ك. دەسلەپكى نەتىجە.
زاھىر شۇئەرا (ظاهرشعرا) تەسەۋۋۇپچى بولمىغان شائىرلار، ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان شائىرلار.
زائىد (زائد) ق. زايىد.
زايىد (زايد) ئېشىنچا، ئېشىپ قالغان نەرسە؛ قوشۇلغان، تولۇقلانغان.
زەبانبەست (زبان بست) زۇۋانى تۇتۇلۇش.
زەباندان (زباندان) تىلشۇناس، تىلنى پىششىق بىلىدىغان.
زەبۇن (زبون) يېتىم؛ ئاجىز؛ تۆۋەن.
زەدە (زده) زىدە بولغان؛ قۇرت يېگەن؛ قىينالغان، ئازاپلانغان.
زەرافەت (ظرافت) نازۇك؛ كۆركەم.
زەرائىف (ظرائف) زەرىفە (ظريفه) نىڭ كۆپلۈكى: مۇلايىملىقلار؛ نازۇك ئۇقۇملۇق پىكىرلەر، گۈزەل سۆزلەر.
زەرايىف (ظرايف) ق. زەرائىف.
زەلالەت (ضلالت) تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش؛ ئازغۇنلۇق، گۇمراھلىق.

زەممە (ضمه) چاغاتايچىدىكى «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» تاۋۇشلىرىنى
ئىپادىلەيدىغان پەش بەلگىسىنىڭ ئىككىنچى نامى.
زەمىر (ضمير) كۆڭۈل، دىل، ۋىجدان؛ ئالماش (گراماتىكا).
زەھرى ھەلاك (زهرهلاك) ھالاكەتلىك زەھەر.
زور (زور) بەدەن قۇۋۋىتى، كۈچ، قۇدرەت؛ بېسىش،
مەجبۇرلاش.
زۇھۇر (ظهور) كەۋدىلىنىش، ئىپادىلىنىش؛ زاھىر بولۇش، پەيدا
بولۇش.
زۇبدەتۇت تەۋارىخ (زبدة التواريخ) تارىخلار جەۋھىرى.
زۇلال (زلال) سۈزۈك سۇ، تىنىق سۇ.
زۇمرە (زمره) گۇرۇھ، گورۇپپا؛ جامائەت، ئاما، كۆپچىلىك.
زۇمرەئى بىنىش (زمره بينش) يىراقنى كۆرەرلەر، ئالدىن كۆرەر-
لەر، ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر؛ ئالىملار.
زۇمرەئى ئىلم (زمره علم) زىيالىلار.
زۇنۇب (ذنوب) زەنب (ذنب)نىڭ كۆپلۈكى: گۇناھلار، جىنايەتلەر.
زىۋەر (زيور) زىننەت، بېزەك؛ زىننەتلەش، پەدەزلەش.
زىيب (زيب) زىننەت، بېزەك.
زىيبا (زيبا) گۈزەل، كۆركەم، زىننەتلەنگەن.
زىيبەندە (زيبنده) زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن، گۈزەل.
زىين (زين) ئىگەر (ئات، ۋەلسىپىت قاتارلىقلارنىڭ).
زىينەت (زينت) زىننەت.

## س

سابىت (ثابت) ئىسپاتلانغان؛ مۇستەھكەم، تەۋرىمەس.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساھىبى زىھىن (صاحب ذهن) زىھىن ئىگىسى، ئەقىللىق.
ساھىبى ۋۇقۇپ (صاحب وقوف) ھەممىدىن خەۋەردار، ئىشنىڭ
تېگى-پېيىنى بىلىدىغان؛
تەجرىبىلىك.
ساھىبى ئىختىساس (صاحب اختصاصی) ئىختىساس ئىگىسى،
ئىختىساسلىق.
ساھىبى ئىرشاد (صاحب ارشاد) يېتەكچى، يولباشچى.
سائىر (سائر) باشقا، بۆلەك؛ ئۆتكەن، ئۆتۈپ كەتكەن؛ ھەممە.
سائىقە (صاعقه) چېقىن چېقىش؛ گۈلدۈرماما.
سايىر (ساير) ق. سائىر.
سەبائ (صباء) ق. سبا.
سەباھ (صباح) ئەتىگەن، سەھەر.
سەبەق (سبق) ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك، ساۋاق، دەرس.
سەبەقخان (سبق خوان) ساۋاق ئالغۇچى؛ ئوقۇغۇچى.
سەبئەئى سەييارە (سبعەسياره) يەتتە سەييارە.
سەبت (ثبت) يېزىش، تىزىملاش، خاتىرىلەش.
سەبزە (سبزه) چىم، ئوت-چۆپ. ك. يېشىل، كۆك رەڭ.
سەبزەزار (سبزەزار) مايسىزار، چىمەنزار، كۆكلەم.
سەتەرە (ستر) ياپماق، پەردىلىمەك (پىنئىل).
سەجاج (سجاج) سۇ ئارىلاش سۈت.
سەددى سكەندەرى (سدسكندرى) ئىسكەندەر سېپىلى.
سەر (سر) باش.
سەرا (سرا) ناخشا ئوقۇغۇچى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى.
سەراي (سراي) ساراي؛ ق. سەرا.

سەرە (سرە) ساپ، پاك؛ تاللانغان، خىللانغان، ئالىي سورتلۇق.
سەرەفراز (سرافراز) شەرەپلىك، ئىپتىخارلىق؛ يۈكسەك، ئالىي، ئېسىل.
سەربۈلەنىد (سربلند) ئىپتىخارلىق، يۈكسەك، ئالىي، بۈيۈك.
سەرزەنىش (سرزنش) ئەيىبلەش، تاپا-تەنە قىلىش.
سەرف (صرف) چىقىم، سەرپىيات؛ ئىشلىتىش؛ مورفولوگىيە.
سەفا (صفا) پاك، پاكىز، سۈزۈك؛ سەمىمىي، سادىق؛ تىنچ؛ شاد.
سەفھە (صفحە) بەت، سەھىپە.
سەفىنە (سفينە) كېمە.
سەفىھە (صفيحە) يۈز، تەكشىلىك.
سەلاتىن (سلاطين) سۇلتان (سلطان) نىڭ كۆپلۈكى؛ سۇلتانلار، پادىشاھلار؛ ھوقۇقلار، تەسىر كۈچلەر.
سەلاتىنزادە (سلاطين زادە) شاھزادە، پادىشاھ بالىسى.
سەلاتىنى مۇكەررەم (سلاطين مكرم) كاتتا ھۆكۈمرانلار.
سەلاسەت (سلاست) تىلدىكى راۋانلىق، ئوچۇقلۇق، ئويناقلىق.
سەلاھ (صلاح) ياخشى، ئوبدان؛ ياخشىلىق، ئارتۇقچىلىق.
سەللاللاھۇ ئەلەيھى (صلى اللەعليە) ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت-سائادەت بەرگەي.
سەللەمە ئەلەيھى (سلم عليە) ئۇنىڭغا ھۆرمەت، ئۇنىڭغا سالام.
سەلىس (سليس) ئوچۇق، روشەن، راۋان.
سەلىم (سليم) سالامەت، ساغلام، ساق، بىجىرىم.
سەمۇم (سموم) كۆيدۈرگۈچ ئىسسىق شامال.
سەمىن (ثمين) قىممەتلىك، بىباھا.
سەنەد (سند) پاكىت، ئىسپات.
سەھاب (سحاب) بۇلۇت.

سەھرانىشىن (صحرا نشين) يايلاق ئەھلى، كۆچمەنچى خەلق.
سەھىفە (صحيفه) بەت، يۈز؛ يەريۈزى
سەۋاد (سواد) قارا، قارا رەڭ؛ ساۋات؛ كۆپچىلىك؛ مەيدان، ماكان، جاي.
سەۋادى ئەئزەم (سواد اعظم) بۈيۈك ماكان؛ مۇتلەق كۆپسانلىق كىشىلەر.
سەئيى بىلە(سعيى بيله) تىرىشچانلىقى بىلەن؛ ئورۇنۇش ئارقىلىق.
سوزناك (سوزناك) ئوتلۇق، كۆيدۈرگۈچ.
سوز ۋە گۇداز (سوزوكداز) كۆيدۈرۈش ۋە ئۆرتەش.
سونە (سونه) ئەركەك ئۆردەك.
سوھۇلەت (سهولت) ئاسانلىق، ئوڭايلىق.
سوئۇبەت (سعوبت) قىيىنچىلىق.
سۇبھانى (سبحانى) مۇقەددەس؛ ئاللاھ ئاتا قىلغان.
سۇخەن ئەدا (سخن ادا) گەپدان، ناتىق؛ شائىر.
سۇخەنپەرداز (سخن پرداز) شائىر؛ سۆز ئۇستىسى.
سۇخەندان (سخن دان) سۆزمەن، ناتىق؛ يازغۇچى، شائىر.
سۇخەنگۇزار (سخن گزار) ئەدىب؛ ناتىق؛ ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى.
سۇخەنۋەر(سخن ور) شائىر؛ چاقماقتەك گەپ قىلىدىغان.
سۇرۇد (سرود) ناخشا ئوقۇش؛ قەسىدە؛ مۇزىكىلاشتۇرۇش.
سۇككەر (سكر) قەنت، شېكەر.
سۇلتانۇس سەلاتىن (سلطان السلاطين) سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى.
سۇنئ (صنع) ياساش، ئىجاد قىلىش، بەرپا قىلىش، ئىختىرا قىلىش كۈچى.
سۇنۇئ (صنع) ياسالغان، تەييارلانغان؛ ھەرىكەت.

www.uyghurkitap.com

سبا (صبا) ياشلىق، ياشلىق دەۋرى، بالىلىق دەۋر.
سباﺋ (سباع) سەبئ (سبع)نىڭ كۆپلۈكى: يىرتقۇچ هايۋانلار.
سپەهبۇد (سپهبد) قوماندان، سەردار.
سپەهدار (سپهدار) قوماندان.
سپهر (سپهر) ئالەم؛ ئاسمان؛ تەقدىر.
سدق (صدق) هەق، راست، هەقىقەت، دۇرۇس.
سلك (سلك) يىپ، كەهرىۋا يىپى، ياقۇت زەنجىرى؛ كاتېگورىيە؛
قاتار، رەت؛ سىزىق؛ تىزىق.
سنن (سن) ياش؛ چىش. ك. دەۋر.
سهر پەيۋەند (سحرپيوند) سېهرلەش؛ كۆز باغلاش.
سهرساز (سحرساز) سېهرگەر، كۆز باغلامچى.
سىراب (سيراب) سۇغۇرۇلغان، سۇغا قانغان.
سىرەفى (صيرفى) سەرراپ، ئالتۇن سودىگىرى؛ بانكىچى.
سىيلاب (سيلاب) سەلەپ سۇ، سەل، كەلكۈن.
سىيما (سيما) چىراي، تەلەت؛ ئوبراز.

## ش

شار (شار) بىر خىل رەڭدار نەپىس داكا.
شاكىر (شاكر) رەهمەت ئېيتقۇچى؛ مەمنۇن بولغان.
شاهىد (شاهد) پاكىت، دەلىل؛ ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگۈچى. ك.
خۇدا.
شايئ (شايع) يېيىلغان، تارقالغان؛ هەممىگە مەلۇم بولغان.
شايئ تەكەللۇم (شايع تكلم) ئاممىۋى تىل، هەممە ئادەم ئىشلىتى-

دىغان تىل.
شەباب (شباب) ياشلىق. يىگىتلىك؛ ياش، يىگىت.
شەبە (شبه) قارا ياقۇت؛ قارا رەڭلىك قاش تېشى؛ قارا رەڭ.
شەبگۇن (شبگون) قاپ - قارا؛ قارا رەڭلىك.
شەبىستان (شبستان) كېچە، تۈن.
شەرىف (شريف) شەرەپلىك؛ ئېسىل، ئالىيجاناپ، مۆھتەرەم؛ ئاقسۆڭەك.
شەممە (شمه) پۇراق؛ تەم؛ بىرقەدەر؛ مۇئەييەن.
شەھد (شهد) ھەسەل.
شەھراھ (شهراه) يول.
شەۋاھىد (شواهد) شاھىد (شاهد) نىڭ كۆپلۈكى؛ شاھىتلار.
شەيئى مۇھرىق (شيئ محرق) كۆيۈۋاتقان نەرسە؛ كۆيىدىغان نەرسە.
شور (شور) غەۋغا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ؛ قىزغىن، ھاياجانلىق؛ شور.
شوئلەئەنگىز (شعله انكيز) ئەلەنگە قوزغىغۇچى، شولا چاچقۇچى.
شۇئەرا (شعرا) شائىر (شاعر) نىڭ كۆپلۈكى؛ شائىرلار.
شۇئەراي ئەكابىر (شعراى اكابر) كاتتا شائىرلار، ئاتاقلىق شائىرلار.
شۇئەرايى شىرىن كەلام (شعراى شيرين كلام) شىرىن سۆزلۈك شائىرلار.
شۇئەرايى قۇدسى (شعراى قدسى) مۇقەددەس شائىرلار.
شۇرۇئ (شروع) باشلانما، ئىپتىدا، باشلىنىش؛ باشلاش.
شۇھۇد (شهود) شاھىتلىق؛ پاكىت؛ كۆزىتىش.
شىركەت (شركت) ھەمكارلىق؛ ھەمكارلىشىش؛ قاتنىشىش، ئىشتىراك.

شىفتە (شيفتە) ئاشىق، كۆيگەن، مەپتۇن.
شىكار (شكار) ئوۋ؛ ئوۋلاش.
شىكەستە (شكستە) چۇل - چۇل قىلىۋېتىلگەن؛ ئەگرى - بۈگرى؛ چۈشكۈن.
شىن (شين) چاغاتايچىدا "ش" ھەرپىنىڭ نامى.
شىين (شين) نومۇس؛ ئەيىب نۇقسان.

## غ

غەرابەت (غرابت) غەلىتىلىك، ئاجايىپلىق؛ ئۆزگە خاسلىق؛ مۇساپىرلىق.
غەرايىب (غرايب) غەرىب (غريب)نىڭ كۆپلۈكى؛ غارايىپلار، غەلىتىلەر.
غەرايىبۇس سىغەر (غرايب الصغر) باللىق غارايىباتلىرى
غەررا (غرا) پارلاق.
غەرىب (غريب) غەلىتە، ئاجايىپ، كۆرۈلۈپ باقمىغان؛ مۇساپىر، چەت ئەللىك.
غەزەلىييات (غزليات) غەزەللەر توپلىمى؛ غەزەللەر.
غەففەرە (غفر) كەچۈرۈم قىلماق، مەغپىرەت قىلماق (پېئىل).
غەنا (غنا) بايلىق.
غەنائىم (غنائم) ق. غەنايىم.
غەنايىم (غنايم) غەنىمەت (غنيمەت)نىڭ كۆپلۈكى: غەنىمەتلەر.
غەۋۋاس (غواصى) سۇغا شۇڭغۇغۇچى.
غۇرەبا (غربا) غەرىب (غريب) نىڭ كۆپلۈكى: غارايىپلار؛ غېرىپلەر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غۇلغۇلەش (غلغلش) ئۇنىڭ غۇلغۇلىسى.
غىتائ (غطاء) يوپۇق، يېپىنچا؛ تۇۋاق، ياپقۇچ.
غىنا (غنا) ق. غەنا.

## ف

فارسى سېھىر ساز (فارسى سحر ساز) پارس تىلى بىلەن سېھىر قىلغۇچى.
فارسىگوي (فارسى كوى) پارس تىلىدا سۆزلەيدىغان، پارسچە يازىدىغان.
فاھىش (فاحش) ئوچۇق، ئاشكارا؛ ئەدەبسىز، پەس.
فايىق (فايق) ئۈستۈن، يۇقىرى، بېسىپ چۈشكەن.
فەرجام (فرجام) پايدا، نەپ، مەنپەئەت؛ بەخت؛ ئاقىۋەت، نەتىجە.
فەرخۇندە (فرخنده) سائادەتلىك؛ بەخت كەلتۈرىدىغان، ياخشىلىق بېغىشلايدىغان.
فەرىفتە (فريفته) مەپتۇن، مەھلىيا بولغان.
فەزا (فضا) ئالەم بوشلۇقى، ئالەم؛ بوشلۇق، ئوچۇقچىلىق.
فەزا ئىل (فضائل) ق. فەزايىل.
فەزا يىل (فضايل) فەزىلەت (فضيلت)نىڭ كۆپلۈكى؛ پەزىلەتلەر.
فەزل (فضل) پەزىلەت، ئارتۇقچىلىق؛ بىلىم، سەۋىيە؛ مەرھەمەت، شەپقەت.
فەساد (فساد) ئوسال، ئەسكى؛ ئوساللىق، ناچارلىق.
فەسانە پەرداز (فسانەپرداز) داستانچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

فەساھەت (فصاحت) پاساھەت، تىلدىكى گۈزەللىك.
فەسىھ (فصيح) پاساھەت ئەھلى، پاساھەت ئىگىسى.
فەسىھگۇفتار (فصيح گفتار) پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان.
فەفھەم (فافهم) ق. ئىفھەم.
فەگار (فگار) مەجرۇھ، يارىدار؛ قايغۇلۇق.
فەھم (فهم) پەم، چۈشەنچە.
فەھم جىنسى (فهم جنسى) چۈشەنچىلىكلەر. ك. ئەدىبلەر.
فەۋائىد (فوائد) ق. فەۋايىد.
فەۋايىد (فوايد) فائىدە (فائده) نىڭ كۆپلۈكى: پايدىلار، نەپلەر.
فەۋايىدۇل كىبەر (فوايدالكبر) قېرىلىق نەپلىرى.
فەيز (فيضى) تولغان، لىق، تولۇق؛ كامالەتكە يەتكەن؛ باي؛
ياخشى؛ غەمخورلۇق، مەرھەمەت؛ يېتىكلىك.
فەيز رەسان (فيضى رسان) پەيز ياغدۇرغۇچى، پەيزلىك كەلتۈرگۈچى.
فۇسەھا (فصحا) فەسىھ (فحيح) نىڭ كۆپلۈكى: پاساھەت ئىگىلىرى.
فۇسەھايى ۋاجىبۇل ئىھتىرام (فصحاى واجب الاحترام) ھۆرمەتكە سازاۋەر پاساھەت
ئىگىلىرى.
فۇسھەت (فصحت) پاساھەت، گۈزەللىك.
فۇسۇلى ئەربەئە (فصول اربعه) تۆت پەسىل.
فۇسۇنپەرداز (فسون پرداز) سېھىرگەر.
فىتنە (فتنه) تىنچسىزلىق، توپىلاڭ، قالايمىقانچىلىق؛ بەختسىزلىك.
فىردەۋس (فردوس) جەننەت؛ گۈلزارلىق.
فىرقە (فرقه) گورۇپپا، گۇرۇھ.
فىئىل (فعل) ھەرىكەت، پېئىل؛ پەيل.
فىلھەقىقە (فى الحقيقه) ھەقىقەتتە، ئەمەلىيەتتە.

فىلھەقىقەت (فى الحقيقة) ق. فىلھەقىقە

## ق

قاباغ (قباغ) قاپاق.
قابان (قابان) ئەركەك توڭگۇز.
قانىئ (قانع) قانغان.
قائىدەئى مۇتابىئەت (قاعـده متابعت) ئەقىدىچىلىك قائىدىسى.
قەددەسە (قدس) مۇقەددەس قىلماق (پېئىل).
قەددەسە سىررەھۇ (قدس سره) ئۇنىڭ سىرىنى مۇقەددەس قىلغاي.
قەددەسەللاھۇ ئەسرارە ھۇم (قدس الله اسرارهم) ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەد-
دەس قىلغاي.
قەرن (قرن) بىر ئەسىر، قەدىمىي ئىرانىڭ بىر ئەسرى 30 يىل،
چاغاتاي دەۋرىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر ئەسرى
32 يىل ھېسابلىناتتى.
قەسايىد (قصايد) قەسىدە (قصيده) نىڭ كۆپلۈكى: قەسىدىلەر.
قەسەبە (قصبه) ناھىيە، رايون؛ بىر تال قومۇش.
قەلەمزەن (قلم زن) قەلەمكەش.
قەۋائىد (قواعد) قائىدە (قاعده) نىڭ كۆپلۈكى: قائىدىلەر.
قەۋى (قوى) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.
قۇدسى (قدسى) مۇقەددەس، پاك؛ پەرىشتە؛ جەننەتكە تەئەللۇق.
قۇدۇد (قدود) ئوغلاق تېرىسى
قۇرا (قرا، قرى) قەريە (قريه) نىڭ كۆپلۈكى: يېزىلار، كەنتلەر.
قۇلچاقچى (قلچاقچى) چىشى كېيىك، غالجاق.

قۇللە (قلە) چوققا.
قۇۋۋەتۇل قەلب (قوت القلب) قەلب قۇۋۋەتى، قەلب كۈچى.
قۇۋۋەتى فەھم (قوت فهم) پەم قىلىش كۈچى، چۈشىنىش قۇۋۋىتى.
قۇي (قوی) تۆۋەن، تۆۋەن تەرەپ؛ ئاز.
قىتئە (قطعە) پارچە.
قىمسانماق (قیمسانماق) ئارزۇ قىلماق.
قىيل (قیل) پاراڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، شاۋقۇن-سۈرەن.
قىيلە (قیل) سۆزلەنمەك (مەجھۇل پېئىل).

## ك

كاخ (كاخ) قەسر، شاھ ساراي؛ مۇنار.
كافى (كافى) كۇپايە قىلارلىق، يېتەرلىك.
كەرىمە (كريمە) كارامەتلىك، ئۇلۇغ؛ شەپقەتلىك؛ ئالىيجاناب.
كەسب ئېتمەك (كسب ايتماك) ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق.
كەسرە (كسرە) چاغاتاي يېزىقىدىكى ”ئى“ ھەرپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە ”زىر“نىڭ يەنە بىر نامى.
كەسرەن (كثيرا) كۆپ، جىق، نۇرغۇن.
كەشەفە (كشف) ئاچماق (پېئىل).
كەفت (كفت) مۈرە، يەلكە؛ مۈرە سۆڭەك.
كەلاغ (كلاغ) قاغا.
كەلاغپا (كلاغپا) قاغا پۇتى، قاغىنىڭ پۇتى.
كەلام (كلام) گەپ، سۆز.
كەلامى مۆئجىز (كلام معجز) مۆجىزىلىك سۆز.

كەلىئەھادىسۇن نەبىيىل مۇرسەل (كالاحاديث النبى المرسل) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدەك.
كەلۋەھىل مۇنزەل (كالوحى المنزل) ئاللا چۇشۇرگەن ۋەھىدەك، ئاسماندىن چۇشكەن ۋەھىگە
ئوخشاش.
كەلىمات (كلمات) كەلىمە (كلمه) نىڭ كۆپلۈكى: سۆزلەر، گەپلەر.
كەمال (كمال) كامالەت، كامال.
كەمالات (كمالات) تالانت، ئىقتىدار.
كەماھى (كماهى) خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش.
كەمەھىيە (كماهى) ق. كەماھى.
كەۋاكىب (كواكب) كەۋكەب (كوكب) نىڭ كۆپلۈكى: يۇلتۇزلار.
كەۋكەب (كوكب) يۇلتۇز؛ پارلاقلىق، كۆركەملىك.
كەيفىييەت (كيفيت) ئەھۋال؛ ئىنچىكە تەرەپلەر.
كورره (كره) قولان، تايلاق، تايچاق.
كوس (كوس) دۇمباق.
كوفت (كوفت) تامغا ئۇسۇۋېلىش، زەربىگە ئۇچراش، يارىدار بولۇش؛ ھېرىپ ھالىدىن كېتىش.
كوي (كوى) كوچا، يول؛ رايون.
كۇببار (كبار) ئۇلۇغ، بۈيۈك، كاتتا، غايەت زور؛ كېلەڭسىز.
كۇتۇب (كتب) كىتاب (كتاب) نىڭ كۆپلۈكى: كىتابلار.
كۇلل (كل) پۈتكۈل، ھەممە، بارلىق.
كۇللۇھا (كلها) ھەممىسى، بارلىقى.
كۇللۇھۇ (كله) ق. كۇللۇھا.
كۇللى (كلى) ئومۇمىيۈزلۈك.

www.uyghurkitap.com

كۇللىيە (كلية) ئومۇمىيلىق؛ ك. قانۇنىيەت.

كۇنتۇ (كنت) مەن بۇرۇن...، مەن ئىلگىرى...، مەن ئەسلىدە...

كۇنج (كنج) بۇلۇڭ.

كۇنفەيەكۇن (كن فيكن) ئاللاھنىڭ خاھىشى جارى، ئاللاھ نىمە دېسە شۇ بولىدۇ.

كۆپ قاتلا (كوپ قاتلا) كۆپ قېتىم، كۆپ قېتىملاپ.

كۆزگۈ (كوزگو) ئەينەك.

كېتمان (كتمان) يوشۇرۇن، مەخپىي؛ يوشۇرۇنغان.

كىبار (كبار) ئۇلۇغ، زور، بۈيۈك، كاتتا.

كىبەر (كبر) قېرىلىق، ياشانغانلىق.

كىست (كيست) كىم، ئۇ كىم.

كىسۋەت (كسوت) كىيىم، لىباس.

كىشۋەر (كشور) دۆلەت؛ ئۆلكە، رايون.

كىلك (كلك) قومۇش قەلەم؛ ئوقيا ئوقى.

كىمىيا (كيميا) خىمىيە؛ ئالتۇن تاۋلاش دورىسى؛ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى، قېرىماسلىق دورىسى. ك. كارامەتلىك.

كىمىيا ئەسەرخاتىر (كيميا اثرخاطر) كارامەتلىك دىل.

كىيۋان (كيوان) يۇلتۇز.

## گ

گەرد (كرد) توپا، چاڭ-توزان؛ پاراشۇك.

گەردۇن (كردون) ئاسمان، كۆك.

گەردۇنخەراش (كردون خراش) كۆكتىن ئاشقان، ئاسماننى تېشىپ

چىقىپ كەتكەن.

گەنج (كنج) خەزىنە.

گەۋزەن (كوزن) بۇغا، مارال.

گەۋھەرپاش (كوهر پاش) گۆھەر چاچىدىغان.

گەۋھەررىز (كوهرريز) گۆھەر تۆككۈچى.

گەۋھەرى ئالى مىقدار (كوهر عالى مقدار) ئەڭ ئېسىل گۆھەر.

گەۋھەرى زىيبەندە (كوهر زيبنده) زىننەتلىك گۆھەر، بېزەكلىك گۆھەر.

گوراز (كراز) ياۋا توڭگۇز؛ دەھشەتلىك؛ ئەسەبىي؛ باتۇر، پالۋان.

گۇزار (گزار) ئۆتەڭ، بىسىپ ئۆتىلىدىغان جاي؛ ئارىلىق، كارىدور؛ روھىي كۈچ.

گۇزارىش (كزارش) ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش؛ ئۇقتۇرۇش، دوكلات قىلىش.

گۇستاخ (گستاخ) ئەدەبسىزلىك؛ ھاكاۋۇرلۇق؛ قوپاللىق؛ ئەدەبسىز، تەكەببۇر.

گۇفتار (كفتار) گەپ، سۆز، پاراڭ؛ سۆزلىشىش؛ باب، پاراگراف.

گۇلبانگ (كلبانك) بۇلبۇل ئاۋازى، يېقىملىق سادا؛ خۇش خەۋەر؛ ۋارقىراش. ك. ئەزان.

گۇلبۇن (كلبن) گۇل تۈپى، گۇل.

گۇلچىن (گلچين) گۇل تەرگۈچى، گۇل ئۆستۈرگۈچى، باغۋەن؛ سەرخىل.

گۇلدەستە (كل دسته) گۇلدەستە؛ مەسجىد مۇنارىسى؛ رۇخسەت قەغىزى؛ گۇلدەستە.

گۇلشەنى دىل ئاسا (كلشن دل آسا) دىلنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىن ئادرېسى

گۈلشەن.
گۈناگۈن (گوناگون) رەڭدار، رەڭگارەڭ.
گۈنە (گونە) تۈر، خىل؛ ئۇسلۇب.
گىتى نەۋەرد (گيتى نورد) جاھانكەشتى؛ سەيياھ.

## ل

لام (لام) چاغاتايچىدا «ل» ھەرپىنىڭ نامى.
لائۇبالى (لا ا بالى) بىپەرۋا، ھېچنىمىگە پىسەنت قىلمايدىغان.
لائىھە (لائح) ق. لايىھە.
لايىھە (لايح) ئوچۇق، ئېنىق، روشەن، ئاشكارا، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان.
لەتائىف (لطائف) لەتىفە (لطيفه)نىڭ كۆپلۈكى: لەتىپىلەر، گۈزەل سۆزلەر.
لەتايىف (لطايف) ق. لەتائىف.
لەتىف (لطيف) لاتاپەتلىك، نازۇك، مۇلايىم، ئەۋرىشىم.
لەفز (لفظ) تىل؛ تەلەپپۇز، گەپ، سۆز، لەۋز.
لەھزە (لحظه) بىردەم، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت.
لەۋ (لو) ئەگەر.
لەئلى ئاتەشىن (لعل آ تشين) ئوتقاشتەك ياقۇت.
لەيل (ليل) كېچە.
لۇججەتۇل ئەسرار (لجة الاسرار) سىرلار دېڭىزى.
لۇغەز (لغز) تېپىشماق؛ ئەستەرلىك گەپ.
لىباس (لباس) كىيىم ـ كېچەك، كىيىم.

لىسان (لسان) تىل.
لىسانۇت تەير (لسان الطير) قۇشلار تىلى.
لىنۇخرىجە (لنخرج) چىقىرىش ئۈچۈن، چىقىرىشىمىز ئۈچۈن.

## م

ما (ما) بىز.
مائ (ماء) سۇ.
مادە (مادە) چىشى، مىدە.
ماھرۇخسار (ماەرخسار) ئايجامال.
مەئارىف نىگار (معارف نكار) تەلىم بەخش.
مەئبۇد (معبود) چوقۇنۇلغۇچى، ئىلاھ، ئىبادەت ئوبيېكت.
مەتبۇئ (مطبوع) ئېسىل، ياخشى؛ خۇش پۇراقلىق.
مەترۇك (متروك) تاشلىۋېتىلگەن، تەرك ئېتىلگەن.
مەتلەئ (مطلع) باش بېيت، غەزەلنىڭ باشلاپقى ئىككى مىسراسى.
مەجبۇل (مجبول) تۇغما، تەبىئىي.
مەجمەئ (مجمع) يىغىن، يىغىلىش؛ جەمئىيەت، ئۇيۇشما.
مەجمۇئ (مجموع) جەمئى، يىغىندا، ئومۇمىي سان؛ پۈتكۈل، ھەممە؛
خاتىرجەم، كۆڭلى تىنغان.
مەجھۇل (مجهول) ئايدىڭلاشمىغان، تۇتۇق؛ نامەلۇم؛ مەجھۇل.
مەخزەن (مخزن) خەزىنە؛ ئامبار.
مەخزەنۇل ئەسرار (مخزن الاسرار)، سىرلار خەزىنىسى.
مەخلۇق (مخلوق) يارىتىلغان، بارلىققا كەلتۈرۈلگەن؛ مەھسۇلات؛
مەۋجۇدات، ئىنسانىيەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەدار (مدار) مەركەز؛ ئوربىتا.
مەئدەن (معدن) كان، مەدەن.
مەراتىب (مراتب) مەرتەبە (مرتبە)نىڭ كۆپلۈكى: مەرتىۋىلەر، دەرىجىلەر.
مەرتەبەئى رەفىئ (مرتبە رفيع) يۇكسەك مەرتىۋە.
مەردۇمەك (مردمك) كۆز قارىچۇقى.
مەئرۇف (معروف) ھەممىگە مەلۇم بولغان، مەشھۇر، داڭلىق.
مەئرىفەت (معرفت) بىلىم؛ چۈشەنچە، تونۇش؛ تەربىيە، ئۆگىتىش؛ ئەقىل.
مەزەنە (مظنە) شەك، گۇمان؛ خاھىش، نىيەت؛ نىشان، نامايەندە؛ تەخمىنلىك.
مەزرەئ (مزرع) ئېكىنزارلىق، ئېتىزلىق، تېرىلغۇ مەيدانى.
مەزھەر (مظهر) سىرتقى كۆرۈنۈش، ئىپادە؛ گەۋدىلىنىش؛ كۆز قاراش.
مەزھەرى لۇتفى ئىلاھى (مظهر لطف آلهى) ئاللا مەرھەمەتىنىڭ نامايەندىسى.
مەزھەرىيىيەت (مظهريت) ئىپادىلىنىش؛ نامايەندە، ئىپادە؛ نامايان بولۇش.
مەزىننە (مظنه) ق. مەزەنە.
مەزىيىيەت (مزيت) ئۇستۇنلۇك، غالىبلىق؛ ئەۋزەللىك، ئارتۇقچىلىق.
مەسادىر (مصادر) مەسدەر (مصدر)نىڭ كۆپلۈكى؛ مەنبەلەر؛ يىلتىزلار.
مەستۇر (مسطور) يېزىلغان؛ سىزىلغان، قەلەم ئۇرۇلغان؛ بايان قىلىنغان.
مەسدەر (مصدر) يىلتىز، مەنبە.
مەسكەنەت (مسكنت) يوقسۇللۇق، كەمبەغەللىك.

مەسنەد (مسند) ئورۇندۇق، تەخت؛ ئورۇن، جاي.
مەسنەۋى (مثنوى) قاپىيىداش بېيت؛ داستان.
مەسنۇئ (مصنوع) ياسالغان، بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، ئىجاد قىلىنغان.
مەسۇن (مصون) ساقلاپ قېلىنغان، ئاسراپ قېلىنغان.
مەسىھ (مسيح) ئىسا.
مەشايىخ (مشايخ) شەيخ (شيخ)نىڭ كۆپلۈكى: شەيخلەر؛ بوۋايلار؛ قەبىلە باشلىقلىرى؛ داھىلار.
مەغازى (مغازى) مەغزا (مغزى)نىڭ كۆپلۈكى: ئۇرۇشلار، جەڭلەر؛ جەڭگاھلار.
مەغزا (مغزى) جەڭ، ئۇرۇش؛ جەڭگاھ، ئۇرۇش مەيدانى.
مەفھۇم (مفهوم) چۈشەنچە، پەم قىلىنغان نەرسە.
مەفھۇمات (مفهومات) مەفھۇم (مفهوم)نىڭ كۆپلۈكى: چۈشەنچىلەر.
مەفئۇل (مفعول) ئورۇنلانغان؛ تەييار بولغان؛ تولدۇرغۇچى (گ)*.
مەقال (مقال) گەپ، سۆز؛ گەپلىشىش.
مەقالە (مقاله) نوتۇق، سۆز، گەپ؛ ماقالە.
مەقتەئات (مقطعات) شېئىرىي پارچىلار؛ ئۈزۈندىلەر.
مەقمەر (مقمر) قىمارخانا، قىمار تاۋكاسى، قىمار مەيدانى.
مەكرۇمەت (مكرمت) ئالىيجانابلىق؛ مەردانىلىق؛ تۆھپە.
مەلاھەت (ملاحت) گۈزەللىك، كۆركەملىك.
مەلەك (ملك) پەرىشتە.
مەلىك (ملك) پادىشاھ؛ دۆلەت باشلىقى.
مەلىكۇل كەلام (ملك الكلام) سۆز پادىشاھى.
مەمالىك (ممالك) مەملىكەت (مملكت)نىڭ كۆپلۈكى: مەملىكەتلەر؛

* گ. — "گراممانىكا" مەنىسىدە.

پادىشاھلىقلار.

مەملۇك (مملوء) لىق، لىپمۇلىق، تولغان، تولۇق.

مەئمۇن (معمون) ئامان ـ ئېسەن، تىنچ، ساق ـ سالامەت، بىخەتەر.

مەئنا ئەنگىز (معنى انكيز) مەنادار، مەنە بېغىشلايدىغان.

مەنتۇق (منطوق) سۆزلەنگەن، تەلەپپۇز قىلىنغان.

مەنزىلە (منزله) مەرتىۋە، دەرىجە؛ سالاھىيەت؛ بۇرچ.

مەنشۇر (منشور) نىزامنامە؛ نىزام؛ ئېلان قىلىنغان.

مەھبۇب (محبوب) سۆيۈملۈك.

مەھجۇر (مهجور) ئايرىلىپ كەتكەن، جۇدا بولغان.

مەھرەم (محرم) سىرداش، يېقىن.

مەھزۇن (محزون) ھەسرەتلىك، دەردمەن.

مەھلەكە (مهلكه) خەتەر؛ خەتەرلىك جاي

مەئھۇد (معهود) ئەنئەنىۋى، قەدىمىي؛ دائىم ئىشلىتىلىدىغان.

مەھۋ (محو) ئۆچۈرۈپ تاشلاش، ئۆچۈرۈۋېتىش.

مەۋاھىب (مواهب) مەۋھەبەت (موهبت)نىڭ كۆپلۈكى: ئامەتلەر، تالەيلەر؛ ئۇششاق خىراجەتلەر.

مەۋرىد (مورد) مەيدان؛ كىرىش ئېغىزى؛ مۇۋاپىق، مۇناسىپ.

مەۋسۇم (موسوم) ئاتالغان، ئىسىم قويۇلغان، ئىسىملىك.

مەۋئىزەت (موعظت) ئۆگۈت، نەسىھەت.

مۇئارەزە (معارضه) ئېلىشىش، ئۇرۇشۇش، تۇتۇشۇش، قارشىلىشىش.

مۇئەررا (معرا) يالىڭاچ؛...دىن مەھرۇم قالغان.

مۇئەللەم (موعلم) ئەلەم قىلىدىغان، ئاغرىتىدىغان، قاقشىتىدىغان.

مۇبالەغە (مبالغه) كۆپتۈرۈش؛ ئىپادە يېتىلىكى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇباھات (مباھات) ئىپتىخار؛ مەغرۇرلۇق.
مۇباھى (مباھى) ئىپتىخارلىق؛ مەغرۇر.
مۇبەددەل (مبدل) ئورۇن باسقان، ئىز باسقان؛ يۆتكەلگەن، ئالماشتۇرۇلغان.
مۇبەررا (مبرا) قۇتۇلغان، ئازاد بولغان؛ پاك، گۇناھسىز.
مۇبەرھەن (مبرهن) ئىسپاتلانغان، ئىسپاتلىق.
مۇبتەدى (مبتدى) يېڭىلا مەيدانغا چىققان، ئەمدىلا باشلىغان؛ ئىپتىدا قىلغۇچى.
مۇبتەدى تەبئ (مبتدى طبع) ئەدەبىيات مەيدانغا يېڭى كىرگەن ئادەم.
مۇتابەئەت (متابعت) ئەگىشىش، ھىمايە قىلىش؛ بويسۇنۇش؛ ماسلىشىش.
مۇئتاد (معتاد) ئادەت.
مۇتەئەززىر (متعذر) قىيىن، تەس؛ ئىمكانىيەتسىز.
مۇتەئەممىل (متعمل) چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن، خىيالغا پاتقان.
مۇتەئەييەن (متعين) ق. مۇتەئەييىن.
مۇتەئەييىن (متعين) تايىنلىق؛ ئوچۇق، ئېنىق.
مۇتەخەللىس (متخلص) تەخەللۇسلۇق، لەقەبلەنگەن.
مۇئتەددۇن بىھى ئەمر (معتد بەامر) ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش؛ مۇھىم ئىش.
مۇتەغەييىر (متغير) ئۆزگەرگەن، غەيرىيلەشكەن؛ ئوخشىمايدىغان.
مۇتەمەييىز (متميز) پەرقلىق، ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان.
مۇتەنەففەر (متنفر) ق. مۇتەنەففىر.
مۇتەنەففىر (متنفر) زېرىكىش، بىزىش؛ نەپرەتلىنىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

مۇتەنەۋۋىئ (متنوع) خىلمۇخىل، تۈرلۈك.
مۇجەممىئ (مجمع) جۇغلانما.
مۇجمەل (مجمل) ئىخچام، يىغىنچاق.
مۇجىب (موجب) سەۋەپ، بانا؛ ئاساس، تۈتقا.
مۇخەييەل (مخيل) تەسەۋۋۇردىكى، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغان.
مۇختەرىئ (مخترع) ئىجادكار، ئىختىراچى.
مۇختەرىئى ۋەقت (مخترع وقت) دەۋرنىڭ ئىجاتكارى.
مۇختەسەر (مختصر) ئىخچام، يىغىنچاق.
مۇددەئى (مدعى) دەۋا قىلغۇچى، دەۋاگەر.
مۇرەسسەئ (مرصع) چۆرىسى مەرۋايىت بىلەن بېزىلگەن؛ تەرسى سەنئەتى بىلەن بەدئىيلەشتۈرۈلگەن (شېئىردىيەتتە).
مۇرەككەب (مركب) تەركىب تاپقان؛ بىرىكتۈرۈلگەن، بىرىكمە؛ چىگىش؛ سىيا.
مۇرغابى (مرغابى) ئۆردەك.
مۇرۇر (مرور) ئۆتۈش، بېسىپ ئۆتۈش، قاتناش.
مۇزەخرەفات (مزخرفات) بىمەنە سۆز، قۇرۇق گەپ، جۆيلۈش.
مۇزەييەل (مذيل) قوشۇمچە قىلىش، ئىزاھات بېرىش. ك. بېزەش.
مۇژە (مژه) كىرپىك.
مۇسەللەم (مسلم) ھەممە ئادەم قايىل بولغان؛ مۇئەييەنلەشكەن؛ شەكسىز.
مۇسەۋۋەدە (مسوده) ئارگىنال، دەسلەپكى نۇسخا، لايىھە.
مۇسەۋۋەر (مصور) سىزىلغان، سىزىلغان نەرسە؛ رەسىملىك.
مۇسەۋۋىر (مصور) رەسسام، سەنئەتكار.

مۇستەخرەج (مستخرج) قېزىپ چىقىرىلغان؛ ئېرىشكەن.
مۇستەدام (مستدام) ئۇزاققىچە، ھەمىشە، مەڭگۈ.
مۇستەقىم (مستقيم) تۈز؛ توغرا.
مۇستەھسەن (مستحسن) گۈزەل؛ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان.
مۇئىسرات (معصرات) بۇلۇت.
مۇشارۇن ئىلەيھى (مشار اليه) ئىشارەت قىلىنغۇچى.
مۇشائەرە (مشاعره) شېئىر مۇسابىقىسى قىلىش.
مۇشتەغىل (مشتغل) مەشغۇل بولغان؛ شۇغۇللىنىۋاتقان، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان.
مۇشتەمىل (مشتمل) ئۆز ئىچىگە ئالغان.
مۇفائەلە بابى (مفاعله بابى) "مۇفائەلە" شەكلىدىكى سۆزلەر سۆز-لەنگەن باب.
مۇفەررىھ (مفرح) خوشاللىنارلىق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان؛ ھاياجانلاندۇرىدىغان.
مۇفىد (مفيد) پايدىلىق، مەنپەئەتلىك، بەھرىلىك، نەپ بېرىدىغان.
مۇقابەلە (مقابله) ئۇچرىشىش؛ تاقابىل تۇرۇش؛ سېلىشتۇرۇش؛ كوررېكتورلۇق.
مۇقەررەر (مقرر) قارار قىلىنغان؛ مۇقىملاشقان، بېكىتىلگەن؛ تەۋرەنمەس.
مۇقتەدا (مقتدا) داھى، يولباشچى؛ ئىقتىدا قىلىنغۇچى.
مۇكالەمە (مكالمه) گەپلىشىش، سۆھبەتلىشىش.
مۇكەررەر (مكرر) تەكرارلانغان، قايتىلانغان؛ تەكرارلاش.
مۇكەررىر (مكرر) تەكرارلىغۇچى، قايتىلىغۇچى.
مۇمتاز (ممتاز) ئىمتىيازلىق، ئالاھىدە؛ يۈكسەك، ئەلا، ئېسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مەئمۇرە (معموره) ئادەمزات ياشايدىغان جاي؛ ئاۋات ماكان؛ دۇنيا.

مۇناقەشە (مناقشه) مۇنازىرە، تالاش-تارتىش؛ مۇزاكىرە، مۇھاكىمە.

مۇنتەشىر (منتشر) چېچىلىش، يېيىش؛ يايغان، تارقاتقان.

مۇنتىج (منتج) نەتىجىلىك، ھوسۇللۇق؛ ئىشلەپچىقىرىلغان.

مۇنھەسىر (منحصر) مۇھاسىرىدە ئېلىنغان؛ چەك قويۇلغان؛ ئىگەللىۋېلىنغان.

مۇھاكەمە (محاكمه) دەۋالىشىش؛ ھەق ناھەقنى ئايرىپ ھۆكۈم چىقىرىش.

مۇھەندىس (مهندس) بىناكار، ئىمارەت ئىنژېنېرى.

مۇھتاجۇن ئەلەيھى (محتاج اليه) ئېھتىياج، كىشى مۇھتاج بولىدىغان نەرسە.

مۇھلىك (مهلك) ھالاك قىلىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان.

مۇھەققىق (محق) توغرا، ھەق؛ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك.

مۇۋافەقەت (موافقت) قوشۇلۇش، ياقلاش، ماسلىشىش؛ بىرلىك.

مۇئىززۇس سەلتەنەت (معز السلطنة) سەلتەنەتنىڭ يۈزىنى يورۇتقۇچى، سەلتەنەتنى يۈكسەلدۈرگۈچى.

مۆئتەبەر (معتبر) ئېتىبارلىق، ئەتىۋار، مۆتىۋەر.

مۆئجىز نىزام (معجز نظام) مۆجىزىلىك ئۇسلۇب.

مۇلك (ملك) پادىشاھلىق؛ ھۆكۈمرانلىق؛ دۆلەت؛ دۆلەت تېررىتورىيىسى.

مۇلكى يىگىت (ملك ييكيت) يىگىتلىك مەملىكىتى.

مىرئاتۇس سەفا (مرآت الصفا) پاكلىق ئەينىكى.

مىزانۇل ئەۋزان (ميزان الاوزان) ۋەزىنلەر مىزانى.
مىسرى مۇئەززەم (مصر معظم) كاتتا شەھەر.
مىكىجىن (ميكجين) چىشى توخگۈز.
مىلك (ملك) مۈلۈك؛ بايلىق.
مىم (ميم) چاغاتايچىدا "م" ھەرپىنىڭ نامى.
مىنھاجۇن نەجات (منهاج النجات) قۇتۇلۇش يولى، نىجاتلىق يولى.
مىھرى لامىئ (مهر لامع) نۇرلۇق قۇياش.
مىئيار (معيار) ئۆلچىگۈچ، مىزان؛ ئۆلچەم، ئۆلچەك.

## ن

نادىر (نادر) تېپىلماس، ئاز ئۇچرايدىغان.
نادىرى زەمان (نادر زمان) زامانىسىنىڭ نادىرى.
نازىل (نازل) چۈشۈرگۈچى، تۆۋەنگە چۈشۈرگەن.
نازىم (ناظم) شائىر، نەزمىچى.
نافەرجام (نافرجام) پايدىسىز؛ نەتىجىسىز؛ بەختسىز.
نافەرمان (نافرمان) پەرمانسىزلىق، ئىتائەتسىزلىك.
نامۇتەناھى (نامتناهى) پۈتمەس-تۈگىمەس، چەكسىز.
نەبات (نبات) ئۆسۈملۈك.
نەبى (نبى) پەيغەمبەر.
نەئت (نعت) مەدھىيە، بايان.
نەتائىج (نتائج) ق. نەتايىج.
نەتايىج (نتايج) نەتىجە (نتيجه) نىڭ كۆپلۈكى: نەتىجىلەر.
نەرر (نر) ئەركەك.

نەزارە (نظارە) قاراش، كۆز سېلىش، كۆز تىكىش.

نەزاھەت (نزاھت) پاكلىق، ساپلىق؛ بىگۇناھلىق: پاك، غۇبارسىز.

نەززارە (نظارە) تاماشابىن؛ كۆزەتكۈچى.

نەزمپىرا (نظم پيرا) نەزمچى، نەزم ئۇستىسى، ئۇستا شائىر.

نەزمساز (نظم ساز) شائىر.

نەزمگۇستەر (نظم كستر) شائىر.

نەزمۇل جەۋاھىر (نظم الجواهر) جەۋھەرلەر تىزمىسى.

نەسايىمۇل مۇھەببەت (نسايم المحبة) سۆيگۈ سەلكىنى.

نەسايىھ (نصايح) نەسىھەت (نصيحت)نىڭ كۆپلۈكى: نەسىھەتلەر.

نەسرۇل لەئالى (نثر اللآلى) ئۈنچىلەر چاچمىسى.

نەسىب (نصيب) نېسىۋە؛ نىسىپ.

نەسىمۇل خۇلد (نسيم الخلد) جەننەت شامىلى، جەننەت سەلكىنى.

نەشات (نشاط) خۇشال، شاد؛ شادلىق، خۇشاللىق؛ شوخلۇق.

نەغمەسەراي (نغمه سراى) نەغمىچى؛ خۇش ناۋا.

نەفەسى مەسىھەدەم (نفس مسيح دم) ئەيسا پەيغەمبەردەك مۆجىزە نەپەسلىك.

نەفەھات (نفحات) نەفھەت (نفحت)نىڭ كۆپلۈكى: خۇش پۇراقلار.

نەفس (نفس) ماھىيەت؛ ئۆز ۋۇجۇدى.

نەفھەت (نفحت) خۇش پۇراق.

نەفى (نفى) ئىنكار، رەت قىلىش.

نەكات (نكات) نۇكتە (نكته)نىڭ كۆپلۈكى: نازۇك ئۇقۇملار.

نەكھەت (نكهت) خۇش پۇراق، پۇراق.

نەمۇدار (نمودار) روشەن، ئوچۇق، گەۋدىلىك؛ ئۆرنەك، ئۈلگە.

نەھار (نهار) كۈندۈز.
نەھنۇ (نحن) بىز.
نەۋا (نوا) كۈي، ناۋا، مۇقام؛ ئوزۇقلۇق، يېگۈلۈك. ك. پايدا، بەھرە.
نەۋادىرۇش شەباب (نوادرالشباب) يىگىتلىك نادىرلىقلىرى.
نەۋئ(نوع) تۈر، خىل.
نەۋرەس (نورس) پىشقان، يېتىلگەن؛ قىرانىغا يەتكەن؛ ياش، يېڭى.
نەۋكەر (نوكر) ئەسكەر، لەشكەر.
نەۋۋرە مەرقەدەھۇ نۇران (نور مرقده نورا) ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرغا
پۈركىگەي.
نوش (نوش) ئىچىش، سۈمۈرۈش.
نۇبۇۋۋەت (نبوت) پەيغەمبەرلىك، ئالدىن بىلەرلىك.
نۇرۇل مىللەت (نورالملت) مىللەتنىڭ نۇرى.
نۇكتە (نكته) نازۇك ئۇقۇم، گۈزەل سۆز؛ نەسىھەت؛ مۇھىم نۇقتا.
نۇكھەت (نكهت) خۇش پۇراق، خۇش بۇي.
نۇھۇسەت (نحوست) نەس باسقان، پەسكەش؛ پەسلىك؛ نەسلىك.
نىسبەت (نسبت) باغلىنىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت؛ تاناسىپ.
نىگارخانە (نكارخانه) سىزما رەسىملەر ئۆيى.
نىگارىش (نگارش) سۈپەتلەش، تەرىپلەش؛ سىزىش؛ بايان قىلىش، تەسۋىرلەش.
نىھانخانە (نهانخانه) مەخپىيەتخانا.
نىياز (نياز) ئىلتىجا، يالۋۇرۇش؛ تىلەك، ئارمان، ئېھتىياج؛ سوۋغا،

تۆھپە.

نىيازمەند (نيازمند) ھاجەتمەن، ئۈلتجا قىلىدىغان، تەلەپكار.

نىيش (نيش) نەشتەر؛ كۆچۈكنىڭ چىشى؛ مەسخىرە.

ھ

ھا (ها) چاغاتايچىدا «ھ» ھەرپىنىڭ نامى.

ھاسىلى كەلام (حاصل كلام) گەپنىڭ خۇلاسىسى.

ھالا (حالا) ھازىرمۇ، ھېلىمۇ، تا ھازىرغىچە.

ھالات (حالات) ھالەت (حالت)نىڭ كۆپلۈكى: ھالەتلەر.

ھالان (حالا) ق. ھالا.

ھەبب (حب) دان، ئاشلىق.

ھەبىب (حبيب) سۆيۈملۈك، مەھبۇب؛ دوست.

ھەدەقە (حدقه) كۆز چانىقى.

ھەدد (حد) چەك، چېگرا.

ھەدىقە (حديقه) باغچا، گۈلزارلىق.

ھەرفى ۋەسل (حرف وصل) باغلىغۇچى سۆز (گ).

ھەرىم (حريم) ھەرەم، مۇقەددەس ماكان، چەكلەنگەن رايون.

ھەزە شەيئۇن ئەجىبۇن (هذا شيئ عجيب) بۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان نەرسە.

ھەزەل قىياس (هذاالقياس) مۇشۇ قىلىپىتىكى، مۇشۇ ئۆلچەملىك.

ھەسر (حصر) قورشاۋ، مۇھاسىرە؛ چەك، چەكلىمە.

ھەفت پەيكەر (هفت پيكر) يەتتە گۈزەل.

ھەقايىق (حقايق) ھەقىقەت (حقيقت)نىڭ كۆپلۈكى: ھەقىقەتلەر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا (حق سبحانه وتعالى) ماختاشقا ئەرزىيدى-
غان ۋە قۇدرەتتە
تەڭدىشى يوق ئاللا.

ھەقىر (حقير) پەس، ئەرزىمەس، بىچارە، پېقىر.
ھەكەم (حكم) رىپىر، خالىس ھۆكۈم قىلغۇچى.
ھەكك (حك) مۇلاھىزە.
ھەللال (حلال) ھەل قىلغۇچى، تۈگۈننى يەشكۈچى، ئېرىتكۈچى (خ) *
ھەللالى مۇشكىلات (حلال مشكلات) مۇشكۇللەرنى ھەل قىلغۇچى.
ھەمانا (ھمانا) دەل مۇشۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق؛ مۇشۇ
خىلدىكى.
ھەمۋار (ھموار) تۈز، تەكشى؛ توسالغۇسىز؛ ئوڭاي، ئاسان.
ھەيرەتۇل ئەبرار (حيرت الابرار) ياخشىلار ھەيرانلىقى.
ھەيسىييەت (حيثيت) ئابروي، ئاتاق، شۆھرەت؛ ئىززەت؛ دەرىجە.
ھوققە (حقه) قۇتا؛ ساندۇقچە.
ھۇرۇف (حروف) ھەرف (حرف)نىڭ كۆپلۈكى: ھەرپلەر؛ گەپلەر،
سۆزلەر.
ھۇللە (حله) تون؛ كىيىم-كېچەك؛ قىممەتلىك بۇيۇم.
ھۇمايۇن (ھمايون) قۇتلۇق، ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان؛ شاھلارغا
خاس.
ھۇنە (ھونه) ئەركەك كىيىك، ھاگىنا.
ھۆرر (حر) ئەركىن، ئازات، ھۆر، مۇستەقىل؛ ئېسىل؛ سەر خىل.
ھۆرۋەش (حروش) پەرىزات.
ھىدايەت (ھدايت) توغرا يولغا يېتەكلەش؛ قۇتۇلدۇرۇش؛

* خ — "خىمىيىلىك ئاتالغۇ" مەنىسىدە.

يېتەكچىلىك.

ھىرقەت (حرقت) كۆيۈش، ئوت كېتىش؛ قىزغىنلىق.

ھىزار (هزار) مىڭ، بىرمىڭ؛ بۇلبۇل.

ھىلىيە (حليه) زىننەت، بېزەك؛ تاشقى كۆرۈنۈش.

ھىممەت (همت) يۈكسەك نىيەت؛ تىرىشچانلىق؛ جۈرئەت؛ شىجائەت.

## ئو

ئوقۇبەت (عقوبت) ئازابلاش، جازالاش؛ ئازاب.

ئولۇس (اولوس) خەلق.

ئومدە (عمده) تۇتقا، ھالقا؛ مۇھىم نۇقتا، ئەجەللىك يەر.

ئويۇب (عيوب) ئەيب (عيب) نىڭ كۆپلۈكى: ئەيىبلەر، ئەيىب-نۇقسانلار.

## ئۇ

ئۇتارىد (عطارد) مىركۇرى يۇلتۇزى.

ئۇزۋ (عضو) ئەزا.

ئۇستازى فەن (استاذفن) پەن ئۇستازى.

ئۇلۇۋۋ (علو) يۈكسەك، ئالىي؛يۈكسەكلىك.

## ئۆ

ئۆلەڭ (النك) يايلاق، چارۋا مەيدانى، ئوتلاق، ئۆيلەڭ.

ئۆمرى نەقدى (عمر نقدى) ئۆمۈر سەرپىياتى. ك. ۋاقىت.

## ئۈ

ئۈلكۈچە (اولكوچە) كۆكۈلدىكىدەك، چەندىكىدەك.

## ۋ

ۋاجىبۇل ئىزئان (واجب الاذعان) «خوپ» دەپ باشنى تۆۋەن سىلىپ تۇرۇش لازىم بولغان.
ۋازىئ (واضح) ئاساس سالغۇچى، ئىجادكار، كەشپىياتچى. ك. خۇدا.
ۋازىھ (واضع) ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ئوچۇق، روشەن.
ۋافى (وافى) لىق، تولۇق، تولغان.
ۋاقىئان (واقعا) ھەقىقى، ئەمەلىي، ئۇتسا سىپى بار.
ۋاۋ (واو) چاغاتايچىدا «ۋ» ھەرپىنىڭ نامى.
ۋەجھ (وجە) يۈز، بەت؛ يۈزلىنىش؛ تەرەپ، جەھەت؛ سەۋەب، ۋەج.
ۋەزئ (وضع) ھالەت، ئەھۋال، ۋەزىيەت؛ ئورۇن، جاي؛ بېكىتىش، جايلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش.
ۋەزئ قىلماق (وضع قيلماق) ئوتتۇرىغا قويماق؛ بەرپا قىلماق.
ۋەسەت (وسط) ئوتتۇرا، ئورتا، مەركەز.
ۋەسف (وصف) سۈپەتلەش.
ۋەسل (وصل) ئۇلىشىش، يېتىشىش؛ بىرىكىش، باغلىنىش.
ۋەسىئ (وسيع) كەڭ، كەڭرى.
ۋەسىلە (وسيلە) ۋاستە، چارە، ئۇسلۇب، يول.

ۋۇسئ (وسع) ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىك؛ قابىلىيەت.
ۋۇسئەت (وسعت) كەڭلىك؛ دائىرە، كاتېگورىيە؛ كەڭ.
ۋۇقۇف (وقوف) بىلىم، چۈشەنچە؛ خەۋەر؛ ۋاقىپلىنىش.
ۋۇقوفى تەۋانا (وقوف توانا) بىلىم جەھەتتىكى يېتىكلىك، كۈچلۈك بىلىم قابىلىيىتى.
ۋىلايەت (ولايت) ۋەلىلىك، ئەۋلىيالىق؛ ھۆكۈمرانلىق؛ مۇقەددەس، تەڭداشسىز؛ ۋىلايەت.

## ئى

ئىبا (ابا) رەت قىلىش.
ئىبارات (عبارات) ئىبارەت (عبارت)نىڭ كۆپلۈكى: ئىبارىلەر، سۆزلەر، گەپلەر.
ئىبتىھاج (ابتهاج) خۇشاللىق، شاد-خۇراملىق؛ ھاياجان.
ئىبرە (عبره) مىسال، ئۈرنەك؛ ساۋاق.
ئىبكار (ابكار) سەھەردە يولغا چىقىش، تاڭ بىلەن تەڭلا سەپەرگە ئاتلىنىش.
ئىتلاق (اطلاق) قويۇپ بېرىش، ئازاد قىلىۋېتىش؛ ئىشلىتىش، قوللىنىش.
ئىتمام (اتمام) تاماملاش، تۈگىتىش.
ئىئتىدال (اعتدال) نورمال، ئېتىدال.
ئىئتىراز (اعتراضى) نارازىلىق، قارشىلىق، ئېتىرازلىق؛ تاقابىل تۇرۇش.
ئىجمال (اجمال) ئىخچاملاش؛ ئىخچاملىق.

ئىختىسار (اختصار) يىغىنچاقلاش.
ئىختىلات (اختلاط) ئەبجەش، ئارىلاش، ئارىلاشما؛ ئارىلىشىش، ئالاقىلىشىش.
ئىرادە (ارادە) خاھىش، ئارزۇ، ئوي؛ ئىرادە.
ئىئراز (اعراضى) يىراقلىشىش، ئۇزاقلىشىش.
ئىرشاد (ارشاد) يېتەكلەش، يولباشچىلىق قىلىش.
ئىزار (عزار) يۈز، بەت، ياڭاق؛ چېكە چېچى.
ئىزافە (اضافە) قوشۇش، قوشۇپ قويۇش؛ ئاشۇرۇش.
ئىزدەتتۇ (ازددت) ئاشۇردۇم، زىيادە قىلدىم، تولۇقلىدىم.
ئىستىشھاد (استشھاد) پاكىت تەلەپ قىلىش؛ ئىسپاتلاش، ئاساسلاش.
ئىستىغنا (استغنا) بايلىق، ئېھتىياجسىزلىق، توققۇزى تەللىك.
ئىستىقسا (استقصا) مۇھاكىمە قىلىش، ئەتراپلىق ئىگەللەش، ئىزدىنىش.
ئىستىلاھ (اصطلاح) خاس ئاتالغۇ، تېرمىن؛ ئىدىئوم؛ ياراشتۇرۇش.
ئىستىئمال (استعمال) ئىشلىتىش، قوللىنىش.
ئىستىيفا (استيفا) ئورۇنلاش، ئادا قىلىش.
ئىسرار (اصرار) چىڭ تۇرۇش، ئۆز مەيدانىدا مەھكەم تۇرۇش؛ جاھىللىق
ئىشتىھار (اشتھار) مەشھۇرلۇق؛ شۆھرەت؛ داڭ چىقىرىش.
ئىفھەم (أفھم) سەن چۈشەن، بىلگىن (بۇيرۇق پېئىل).
ئىقتىزا (اقتضا) تەلەپ، ھاجەت.
ئىقلىم (اقليم) رايون.
ئىلدىرىم (ايلديريم) گۈلدۈرماما.
ئىلزام (الزام) مەجبۇرلاش؛ مەجبۇرىيەت، بۇرچ.

www.uyghurkitap.com

ئىلهاق (الحاق) قوشۇش، قوشۇۋېتىش؛ قوشۇۋېلىش، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش.

ئىمتىنان (امتنان) رەھمەت، تەشەككۇر.

ئىمداد (امداد) ياردەم، مەدەت.

ئىنەك (اينك) مۇشۇنداق؛ قاراڭ، كۆرۈپ قويۇڭ؛ ئوغۇل بالا، ياش يىگىت.

ئىنتىشار (انتشار) يېيىلىش، تارقىلىش.

ئىنتىقال (انتقال) يۆتكىلىش، كۆچۈش.

ئىنساق (انصاف) ئادالەت، ئادىللىق، توغرىلىق.

ئىنشائاللاھ (ان شاء الله) ئىمكانىيەت بولسا، مۇمكىنچىلىك بولسا، خۇدا بۇيرۇسا.

ئىهتىمام (اهتمام) غەمخورلۇق؛ تىرىشچانلىق؛ سىغىنىش؛ ئەنسىرەش.

ئىيەر (ايار) ئېگەر.

ئىيهام (ايهام) ئىككى بىسلىق سۆز، مەنىسى تۇتۇق گەپ.

ئىيهام ئەنگىز (ايهام انگيز) قارىمۇقارشى ئىككى خىل مەنە ئاڭلىتىدىغان.

## ي

يا (يا) چاغاتايچىدا ”ي“ ھەرىپىنىڭ نامى؛ ”ى“ شەكلى.

ياۋۇشماق (ياووشماق) يېقىنلاشماق.

يايى (يايى) ق. يا.

يەد (يد) قول.

يەقسەن (يقينا) ھەقىقەتەنمۇ، راستىنلا؛ شەكسىز.

يۇبۇسەت (يبوست) قۇرغاقلىق؛ قۇرۇق.
يىگانەئى ئەسر (يكانهٔ عصر) ئەسرىنىڭ يىگانىسى.

www.uyghurkitap.com

本书根据伊斯兰历1315年由土耳其艾合达木印书馆出版的土耳其文版中刊布的原文整理出版。

بۇ كىتاب مۇشۇ ئەسەرنىڭ 1315 ـ ھىجرىيىدە تۈركىيىدىكى ئەقدام كىتابخانىسىدا نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىدا بېرىلگەن مەتنگە ئاساسەن ئىشلىنىپ نەشر قىلىندى.

**مەسئۇل مۇھەررىر: غۇلام غوپۇرى**

**مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى**

ئەلشىر ناۋايى

**مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين**

(ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت تۆمۈر
ئابدۇرۇپ پولات

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1988 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.70 يۈەن

**两种语言之辨**

阿里希尔·纳沃依著

（维吾尔文）

哈米提·铁木尔<br>阿布都若夫·普拉提 编译

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32 印张：5 5/8

1988年11月第1版

1988年11月北京第1次印刷

印数：0001—1,600册 定价：0.70元

ISBN 7—105—00527—0/H·27

民文 （维2）